




# لاپچىنى باپلىغان باپچى

(تاللانغان باللار لاپلىرى)




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى



مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن


## ئەلىپدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى




ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك ______________ گە:

______________________________________________

______________________________________________

______________________________________________

______________________________________________



______________ دىن تەقدىم

-يىلى  -ئاينىڭ  -كۈنى






# لاپچىنى باپلىغان باپچى

## (تاللانغان بالىلار لاپلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# لاپچىنى باپلىغان باپچى

(تاللانغان باللار لاپلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن - تېخنىكا باغچە يولى 5 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 117.75
نەشرى: 2015 - يىلى 2 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2015 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3
ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

## بېشى ئاسماندا يۈرەتتى

بىر كۈنى ئىككى لاپچى ئۇچرىشىپ قاپتۇ.
— رەھمەتلىك دادامنىڭ بويى ناھايىتى ئېگىز ئىدىكى، بېشى ئاسماندا يۈرەتتى، — دەپتۇ بىر لاپچى.
— شۇ چاغدا دادىڭىزنىڭ بېشىغا بىر نەرسە تېگىپ تۇرغان بولغىيمىدى؟— دەپ سوراپتۇ ئىككىنچى لاپچى.
ھېلقى لاپچى «چوقۇم بولۇتنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ:
— شۇنداق، تېگىپ تۇراتتىكەن، — دېسە، ئىككىنچى لاپچى:
— ئاشۇ تېگىپ تۇرغان نەرسە رەھمەتلىك دادامنىڭ چاپىنىنىڭ پېشى ئىدى، — دېگۈدەك.



## ئاجايىپ دادىلار

ئىككى بالا دادىسىنى ماختاپ لاپ ئېتىشىپ قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:
— بىلەمسەن، مېنىڭ دادام كاتتا ئىنژېنېر، ئالىپ تېغىنى مېنىڭ دادام ياسىغان..
— ئۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟— دەپتۇ يەنە بىر بالا،— مېنىڭ دادام كاتتا مەرگەن، ئۆلۈك دېڭىزنى دادام ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

## ئۇنداق دۆلەتنى بىلمەيدىكەنمەن

بىر لاپچى ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ ماختىنىشقا باشلاپتۇ:
— مەن دېگەن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىپ كەلگەن، مەيلى ئەنگلىيە، رۇسىيە بولسۇن ۋە ياكى ئافرىقا، ياۋروپا بولسۇن، ھەممىسنى ئايلىنىپ كەلگەن.

دەل مۇشۇ چاغدا سورۇندىكىلەردىن بىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— گېپىڭىزدىن قارىغاندا جۇغراپىيەنى خېلى ئوبدان بىلىدىكەنسىز-ھە؟

ماختىنىۋاتقان لاپچى دەپتۇ:

— راستىمنى ئېيتسام، مەن جۇغراپىيە دېگەن دۆلەتنى تازا ئوبدان بىلمەيدىكەنمەن. بىراق يېقىندىلا ئۆتۈپ كەتكەن.

## كىمنىڭ ئەجدادى ئەقىللىق؟

ئىككى بالا ئۆزئارا ماختىنىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىنى كولىغانىدىم، نۇرغۇن سىملار چىقتى. بۇ مېنىڭ ئاتا-بوۋامنىڭ بۇنىڭدىن 2-3مىڭ يىل بۇرۇنلا سىملىق تېلېفون ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ،— دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى كۆرەڭلەپ.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىنى كولىغانىدىم، ھېچ نەرسە چىقمىدى،— دەپتۇ يەنە بىر بالا،— بۇ مېنىڭ ئاتا-بوۋامنىڭ 2-3 مىڭ يىل بۇرۇنلا سىمسىز تېلېفون ئىشلەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.



## كىمنىڭ مېۋىسى چوڭ؟

قادىر سەمەتنىڭ بېغىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىلىنىڭ بېغىڭىلدىكى بۇ مېۋىلەرنىمۇ مېۋە دېگىلى بولامدۇ؟ بىزنىڭ باغدىكى ئۆرۈكلەر ۋالىبولدەك، شاپتۇللار ۋاسكېتبولدەك يوغان مېۋە بېرىدۇ...— ئۇ گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ باغنىڭ بىر تەرىپىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان قوغۇنغا دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قاپتۇ. شۇ ھامان سەمەت ئۇنىڭغا قاراپ دەپتۇ:

— ئاۋايلاپ مېڭىڭلار ھوي، بىزنىڭ ئۈزۈمنى دەسسىۋالدىڭلار!

## نەچچىنچىسى بولغىنىتتى

قادىر بىلەن سەمەت بىر سورۇندا پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

ــ مەن ئانام تۇغەپ كەتكەندىن كېيىن دادامنى ئۈچ نۆۋەت ئۆيلەپ بولدۇم، سەنچە قانداقراقكەنمەن؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەمەت ئاسمانغا قارىغان ھالدا نېمىندۇر ئويلىغاندەك تۇرۇپ قاپتۇ.

ــ نېمە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ، ئاغىنەم؟ــ دەپتۇ قادىر.

ــ ئادەمنى ئۆلەشتۇرمەي تۇرساڭچۇ،ــ دەپ كايىپتۇ سەمەت بارمىقى بىلەن بىر نەرسىلەرنى ھېسابلاپ.

ــ قانداق ھېساب ئۇ شۇنچە كاللا قاتۇرغۇدەك؟ــ دەپتۇ قادىر تىت - تىت بولغان ھالدا.

سەمەت بېشىنى لىڭشىتقاچ دەپتۇ:

ــ ھازىرقى ئاناڭ دادام قويۇۋەتكەن خوتۇنلارنىڭ ئون ئىككىنچىسىمۇ ياكى ئون ئۈچىنچىسىمۇ... زادى ئېسىمگە پەقەت ئالالمايۋاتىمنا!



## لاپچى چاشقانلار

ئۈچ لاپچى چاشقان بىر يەرگە يىغىلىپ قاپتۇ.

ــ مەن ھەر كۈنى يۈز قېتىم يەر بىغىرلاپ، ئىككى يۈز قېتىم پۈرژىنا تارتىپ، ئىغىرلىق كۆتۈرۈش مەشىقىنى ئۈچ - تۆت يۈز قېتىم ئىشلەپ ئاندىن ياتىمەن،ــ دەپتۇ بىرى گىدەيگەن ھالدا.

ــ مەنمۇ ھەر كۈنى ئاخشىمى ئون - يىگىرمە قاپ چاشقان دورىسى ئىچىۋېلىپ، ھېچبولمىسا زەھەرلىك دورىدىن بىرەر كىلو ئىچىپ ئاندىن ياتىمسام، ئىغىز - بۇرنۇمدىن سىرىق سۇ كېلىپ پەقەت ئۇخلىيالمايمەن دېسە،ــ دەپتۇ ئىككىنچى چاشقانمۇ ماختىنىپ.

ئۈچىنچى چاشقان بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇياشقا بىر قاراۋېتىپ جىددىي ھالدا دەپتۇ:

— مەن ماڭاي جۇمۇ ئاغىنىلەر. گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، تاس قاپتىمەن مۇشۇكنى مىنىپ ئوينايدىغان ۋاقتىمنى ئۆتكۈزۈۋەتكىلى..

## كىم قالتىس

ئۈچ ئوغۇل بالا پو ئېتىشىپ قاپتۇ. بىرىنچىسى دەپتۇ:

— مېنىڭ دادام سىلەرنىڭ داداڭلاردىن تېز يۈگۈرىدۇ، مۇنۇ يەردىن 90 كىلومېتىرلىق سۈرئەتتە توپ تەپسەڭ، دادام مەيداننىڭ يەنە بىر بېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ تۇتۇۋالالايدۇ.

— ئۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى،— دەپتۇ ئىككىنچىسى،— مېنىڭ دادام ئوقيانى ئېتە-ۋەتكەندىن كېيىن ئوقياغا يېتىشىۋېلىپ تۇتۇۋېلىپ نىشانغا سانجىپ قويالايدۇ.

ئۈچىنچىسمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— سىلەرنىڭ داداڭلارنىڭ سۈرئىتى مېنىڭ دادامنىڭكىگە يەتمەيدىكەن، مېنىڭ دادام سائەت تۆتتە ئىشتىن چۈشۈپ، سائەت ئۈچ يېرىمدا ئۆيگە كېلىپ بولىدۇ.



## لاپچى قۇشلار

كۇنلەرنىڭ بىرىدە قاغا بىلەن قۇشقاچ ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن، ئىسمىنىمۇ بىلىشمەيدىكەن. قاغىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان قۇشقاچ قاغىدىن سوراپتۇ:

— ھەي، سەن قانداق قۇش؟

قاغا بۇ مېنى تونۇمايدىكەن، شۇڭا بىر ماختىنىۋالاي دېگەن ئويدا:

— مەن دېگەن ئاق قۇ،— دەپتۇ.

قۇشقاچ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ئاق قۇ دېگەننى بەكلا ئاپپاق دەپ ئاڭلىغانتىم، سەن قاپقارا تۇرۇۋەسەنغۇ؟

قاغا يەنە پىتىدىن چۈشمەپتۇ:

— مەن دېگەن كۆمۈركاندا ئىشلەيدىغان تۇرسام!

قاغا ياندۇرۇپ قۇشقاچتىن سوراپتۇ:

— ئۆزۈڭچۇ، قانداق قۇش؟

قۇشقاچمۇ بۇ مېنى تونۇمايدىكەن، مەنمۇ تازا بىر ماختىنىۋالاي، دەپ ئويلاپتۇ:

— مەن دېگەن بۈركۈت!

قاغا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— مەن بۈركۈتنى ئېنتايىن يوغان ھەم يىرتقۇچ قۇش دەپ ئاڭلىغان، بىراق سەن بەك كىچىك ھەم ۋىجىك تۇرۇسەنغۇ؟

قۇشقاچمۇ پېتىدىن چۈشمەپتۇ:

— مەن ئاق چېكىتۋاتقىلى بەش يىل بولغان تۇرسا!

## لاپچى دادىلار

ئۈچەيلەن بىر يەرگە كېلىپ ماختىنىشقا باشلاپتۇ. بىرەيلەن دەپتۇ:

— مېنىڭ بالامچۇ ئەمدىلا 10 ئايلىق بولدى، سۆزلەيدىغان بولسا ئايالىم ئىككىمىز ئاغزىمىزغا قاراپلا قالىمىز.

ئىككىنچىسى ماختىنىپتۇ:

— ۋاي مېنىڭ يەتتە ئايلىق بالامچۇ، خۇددى ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلىرىدەك سۆزلەيدۇ، قاراڭلار. «بىرگە بىرنى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟» دېسە، دەرھال ئىككى بارمىقىنى چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچىسى نېمە دەپ ماختىنىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، تۇيۇقسىز تېلېفونى سايراپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ تېلېفونى كىچىك بالىلارنىڭ ناخشىسى چىقىدىغان قىلىپ توغرىلانغانىكەن. ئۇ دەرھال:

— ھەي، ھەي... يەنىلا مېنىڭ بالامغا يەتمەيدىكەن، ماۋۇ چىقىۋاتقان ناخشىچۇ، مېنىڭ ئۈچ ئايلىق ئوغلۇمنىڭ ئېيتقان ناخشىسى جۇمۇ...

## تەك باشقا يەردىن

بىرى قەشقەردىن، يەنە بىرى ئاقسۇدىن بولغان ئىككى ساۋاقداش بىرنەچچە يىل كۆرۈشمىگەندىن كېيىن، ئاقسۇدا بىر سورۇندا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تازا گەپدانلاردىن ئىكەن.

— ئاقسۇنىڭ يېرى ناھايىتى مۇنبەت-تە، — دەپتۇ ئاقسۇلۇق يىگىت داستىخاندىكى چىراي-لىق ۋىلىلداپ تۇرغان ئۈزۈمگە قاراپ قويۇپ، — بىر ساپ ئۈزۈم بىر زەمبىل كېلىدۇ دېسە.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان قەشقەرلىك ساۋاقدىشى دەپتۇ:
— تەكنى قەشقەردىن يان بېرىپ ياتقۇزۇپ، بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭلار ئەمەسمۇ!

## قول سائەت

ئىككى لاپچى ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىرى ئىككىنچىسىگە ماختىنىشقا باشلاپتۇ:
— بىر قول سائەت سېتىۋالدىم قارا، چوڭلۇقى يۈك ماشىنىسىنىڭ چاقىدەك كېلىدۇ. ئۆيگە بارساڭ كۆرسەن، ئۇنىڭ ئىستىرېلكىسىغا كالا باغلاپ قويۇپ كەلدىم.
— جېنىم ئاغىنە، — دەپتۇ يەنە بىر لاپچى، — ئاشۇ سائەتتىن تۆتنىلا تېپىپ بەرگىنە، يېڭىدىن كاستۇم تىكتۈرگەنىدىم، تۈگمە قىلىپ قادىۋالىمەن.



## ياڭاق مېغىزى ۋە تۈگىلەر

بىر لاپچىنىڭ ئېشىكى يېغىر بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا بىرى «يېغىرغا ياڭاق مېغىزى قو-يۇڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ياڭاق مېغىزى قويغانىكەن، مېغىز كۆكلەپ، دەرەخ بولۇپ كېتىپتۇ ۋە مېۋىلەپتۇ. ياڭاقلارنى قېقىش ئۈچۈن كېسەك ئاتسا، كېسەكلەرنىڭ بىرىمۇ يەر-گە چۈشمىگۈدەك. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ قارىسا، كېسەكلەر تاۋۇزغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. بىر تاۋۇزنى پىچاقانىكەن، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئالدى بىلەن پىچە-قى، ئاندىن ئۆزى تاۋۇز ئىچىگە موللاق ئېتىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇياق - بۇياققا قارىسا، بىر لاپچى ئون دانە تۆگىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقىدەك.
— بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟— دەپ سوراپتۇ ئۇنىڭدىن.
— بۇلتۇر 100 تۆگەمنى يوقىتىپ قويغانىدىم. مانا ئەمدى 10 نى تاپتىم. سىزچۇ، نې-مە قىلىپ يۈرىسىز؟
— پىچىقىمنى يوقىتىپ قويدۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى لاپچى.
— يۈز تۆگەمنى تاپالمايۋاتىمەنۇ، سىز پىچىقىڭىزنى تاپالامتىڭىز؟— دەپتۇ تۆگە يېتە-لەپ كەلگەن لاپچى.

## ئۇچۇپ ئۆتكەندە

بىر مەسخىرىۋاز نۇرغۇن ئادەم ئارىسىدا گەپ تېشىپ:

ــ ئاغىنىلەر، ياقۇپ بەگ تۈنۈگۈن 2000 باغ بېدىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ، پۇت ـ قولىنى تەگكۈزمەي بېدىنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشتى، ــ دەپتۇ. ياقۇپ بەگ شۇ ھامانلا:

ــ ھەي ھارىمى، سەنمۇ شۇ يەردە قاراپ تۇرغان ئىكەنسەن ـ دە؟ــ دەپتۇ. ئۈچىنچى بىر گەپچى:

ــ ئاتە پوراڭنى، ياقۇپبەگ پوچى 2000 باغ بېدىنىڭ ئۈستىدىن سەكرەپ، پۇت ـ قولىنى تەگكۈزمەي بېدىنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشكەنمىش تېخى، ــ دېسە، ياقۇپ بەگ دەرھال:

ــ مەن سەكرىگەندە سىلى ئۇ يەردە يوق ئىدىلە، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## چارۋىچى بىلەن قاسساپ

بىر كۈنى بىر چارۋىچى بىلەن قاسساپ پو ئېتىشىپ قاپتۇ.

چارۋىچى قاسساپقا:

ــ مەن كالامنى نەسىللەندۈرسەم ئۇنىڭدىن بىر بۇقا تۇغۇلدى، ئوتتۇز مو يەرنىڭ چۆپىنى بىر كۈندە يەپ بولىدۇ. مەن بۇ بۇقىنى باشقا كالىلار بىلەن چېتىشتۇراي دېسەم، ئۇنى كالىلار كۆتۈرەلمەيدىكەن، بېشىم بەك قېتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ــ دەپتۇ.

قاسساپ چارۋىچىغا كۆڭۈل بۆلگەن قىياپەتتە تۇرۇپ:

ــ ئۇنداق بولسا بۇقاڭنى ماڭا سات، ئۇنى مەن ئوتتۇز پارچە قىلىپ، توققۇز يەرگە كانارا ئېسىپ، گۆشىنى بىر كۈندە تۈگىتىمەن، ــ دەپتۇ.

چارۋىچى ئەجەبلىنىپ:

ــ توققۇز كانارىدىكى گۆشنى سېتىپ ئۈلگۈرەلەمسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ. قاسساپ:

ــ پۇتۇمنى يۆتكىمەي تۇرۇپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭماي تۇرۇپ پىچىقىم بىلەن پارچىلاپ تۈگىتىمەن، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. چارۋىچى يەنە:

ــ ئۇ قانداق پىچاق؟ــ دەپ سوراپتۇ. قاسساپ مەغرۇر قىياپەتتە:

ــ مېنىڭ بىر تۆمۈرچى ئاغىنەم بار ئىدى. شۇ ئاغىنەمگە يىگىرمە جىڭ پولاتتىن بىر پە-

چاق سوقتۇردۇم. بۇ پىچاقنىڭ ئۇزۇنلۇقىدىن ئۆگزىگە چىقىپ غىلاپقا سالىمەن. مانا مۇشۇ پىچاق بىلەن ھېلىقى توققۇز يەردىكى كانارىغا ئېسىلغان گۆشلەرنى بىر قېتىمدىلا كېسىۋېرىمەن، — دەپتۇ، چارۋىچى ئىشەنمەي:

— سەن ئاشۇرۇۋەتتىڭ، ئۇنداقمۇ يوغان پىچاق بولامدۇ؟— دەپتۇ. قاسساپ:

— سېنىڭ بىر مولۇق يەردە ياتقان كالاڭغا ئاشۇنداق يوغان پىچاق بولمىسا قانداق سويغىلى بولىدۇ؟— دەپتۇ.

## تاۋۇز ھەققىدە لاپ

بىر قېتىم مەن تاۋۇز تېرىسام، ھەربىر تاۋۇزنىڭ چوڭلۇقى بىر ئۆيدەك كەلگەندى. شۇ چاغلاردا بىر تاۋۇزنى ئېتىمنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ ماڭسام، جانىۋارنىڭ تۆت پۇتى قېقىپ قويغان قوزۇقتەك يەرگە پېتىپ كەتتى. مەن ئۇ تاۋۇزدىن ئىككىنى ھارۋىغا باسسام ئات تارتالمىدى. ئۇنى بىر، بىردىن خاڭلارغا ئاپىرىپ ساتاتتىم. بۇ تاۋۇزۇمنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان دادامتۇ يېزا كادىرلىرى ئۆيۈمگە زىيارەتكە كەپتىكەن. ئۇلارنى ئۆيۈمگە باشلاپ كىردىم. بالام يۇسۇپجانغا: «مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تاۋۇزدىن پىچىپ قوي» دەپ تاپىلىغاندىم، يۇسۇپجان بىر تاۋۇزنى ئېلىپ كېلىپ ئىككى مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پىچاق بىلەن پىچماقچى بولۇۋاتاتتى، مەن كادىرلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ دىققەت قىلماپتىمەن، بىر چاغدا قارا دېگەندەك قىلدى، قارىسام، تاۋۇزنىڭ ئازراق يېرىدە چوڭراق چاك تۇرىدۇ، ئەمما ئون بىر ياشلىق ئوغلۇم يۇسۇپجان يوق. كۆڭلۈم بىر ئىشنى تۇيغاندەك بولۇپ، يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. تاۋۇزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ يېرىقىغا سىنچىلاپ قارىسام، بىر يول تۇرىدۇ. مەن شۇ يول بىلەن بالامنى ئىزدەپ ماڭدىم. ماڭا - ماڭا بىر چاغدا بالامنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ بەڭباش «ئايغا چىقىمەن» دەپ بىر تال تاۋۇز ئۇرۇقىغا مىنىپ ئۇچۇپ كېتىۋېتىپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە نەسىھەتلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئۆيۈمگە ئاران ئېلىپ كېلىۋالدىم.

## لاپچىنى بابلىغان بابچى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر لاپچى يەنە بىر لاپچىنى مات قىلىش ئۈچۈن بىر ھەپتە يول يۈرۈپ ھېلىقى لاپچىنىڭ ئۆيىگە كەلسە سەككىز- توققۇز ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئول-

تۇرغۇدەك، كەلگەن لاپچى بالىدىن:

— داداڭ قەيەرگە كەتتى؟— دەپ سوراپتۇ. بالا:

— دادام دەرياغا چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ. لاپچى:

— نېمىشقا چىقىپ كەتتى؟— دەپ سوراپتۇ. بالا:

— ئۆيدىكى تورغايلارنى دەريادا سۇغىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ. لاپچى:

— داداڭ بىلەن تونۇشۇپ يارى - بۇرادەر بولۇش ئارزۇسىدا سوۋغات ئۈچۈن بىر پارچە گىلەم ئالغاچ كېلىۋىدىم، ئۇ گىلەمنىڭ باش تەرىپى بۇ يۇرتقا كېلىپ بولدى، ئاخىرى مېنىڭ يۇرتۇمدىن چىقىپ بولالمىدى. داداڭ بۇ گىلەمنى تاپشۇرۇپ ئالسا بولاتتى، — دەپتۇ. بالا:

— ئۇنچىلىك گىلەمنى ئېلىپ كېلىپ ئاۋارە بولمىسىڭىز بولاتتى. ئۆتكەن يىلى قىشتا ئۆيىمىزدىكى بىر پارچە گىلەمگە مەشتىن ئوت چاچراپ ئازراق يېرى كۆيۈپ كەتكەنىدى، سىزنىڭ بۇ گىلىمىڭىز، بىزنىڭ گىلەمنىڭ ئوت چاچراپ كەتكەن يېرىگە ياماقلىق بولالمىغۇدەك، — دەپتۇ.

كەلگەن لاپچى «بالىسى شۇنچە زېرەك تۇرسا، دادىسىغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن» دەپ كېتىپ قاپتۇ.

«ئۆزۈمنى چاغلىماي شىلتىك ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ مىڭ كۈن يېتىپتىمەن» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانىكەن.



## ناخشىچى

— بىزنىڭ 6 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان تۇرسۇنجان دېگەن ئوغلىمىز مەكتەپنىڭ سەنئەت ئۆمىكىگە قاتناشقانىدى، — دەپتۇ مەرۇپ پوچى ئارۇپ پوچىنى كۆرۈپ، — شۇنىڭدىن بېرى ناخشىنى شۇنداق چىرايلىق ئېيتىدىغان بولۇپ كەتتىكى، قويۇۋەر، ئاۋازىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى دېمەمسە! يېقىندا بالىلار بىلەن بىر يېزىغا ئويۇن قويغىلى كەتكەن، ئۇ يەر بىلەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئارىلىقى يىگىرمە چاقىرىم كېلىدۇ، ئەمما ئوغلۇمنىڭ شۇ يەردە ئېيتقان ناخشىسى بىزنىڭ ئۆيگە ئاڭلاندى. مانا، ناخشىچى دەپ بىزنىڭ تۇرسۇنجاننى دېسە بولىدۇ!

— ئۇ قانچىلىك ئىشتى!— دەپتۇ ئارۇپ پوچى، — بىزنىڭ ئەركىنجانىمۇ مەكتەپتە ناخشىچى، ئۇنىڭ ئاۋازى دېگەن شۇنداق جاراڭلىق ھەم يېقىملىق، ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام غۇلجا شەھىرىدىكى تىياتىرخانىدا ناخشا ئېيتىۋىدى، كونەستە ئولتۇرۇشتا ئولتۇرغان ئاغىنىلىرىم ئاڭلاپ، بەزىلىرىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىشىپ كەتتى.

## قوغۇن

بىر لاپچى يەنە بىر لاپچىغا دەپتۇ:

— مەن تېرىغان قوغۇنلار شۇنداق ئوخشىدىكى، بىرنى پىچىپ سەككىز ئادەم يۇخادىن چىققۇدەك يېسەك، يەنە ئېشىپ قالدى.

شۇ چاغدا ئىككىنچىسى دەپتۇ:

— قوغۇن دېگەن يوغان بولسىلا ھېسابمۇ؟ مۇھىمى تاتلىقلىقى، مەن تېرىغان قوغۇنلاردىن بىرنى باللىرىم پىچىپ يېيىشىدى، تاتلىقلىقىدىن باللار بىر-بىرىگە چاپلىشىپ قېلىپ، شۇ چاپلاشقان پېتىچە ئۇخلىشىپ قاپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە چېلەك بىلەن سۇ چېچىپ ئىككىسىنى ئاران ئاجراتتىم، قالغان تۆتىنى چاپلاقلىق پېتى مەكتەپكە يولغا سالدىم.



## ناۋات ۋە چاقماق قەنت

بىر كۈنى سەمەت لاپچى بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ.

— ھەي ئاداش، — دەپتۇ سەمەت لاپچىنىڭ ئاغىنىسى، — ئۆيۈڭگە بارىمەن دەپمۇ قويماي كەلگىنىڭنى قارا، سەن ناۋات سالغان چايغا بەكمۇ ئامراق ئىدىڭ، قارىمامدىغان، قېرىشقاندەك، ئۆيدە ناۋات تۇرماق، ھەسەلمۇ قالماپتۇ، بىزنىڭ شۇ باللارنىزە، ھەسەل دېگەننى تۈگىلاپ، ناۋات دېگەننى تاغارلاپ ئەكېلىپ قويسامۇ تۈگىتىۋېتىپتۇ.

ئارىدىن كۈنلەر ئۆتۈپ ھېلىقى ئاغىنىسى سەمەت لاپچىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىپتۇ.

— ئاداش، سېنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ بەش - ئالتە يەشىك چاقماق قەنت ئەكېلىپ قويغانىدىم، سەن قەنت سالغان چايغا بەك ئامراق ئىدىڭ، قارىمامدىغان، مۇشۇ باللار قۇشقاچ ئاتىمىز دەپ، قەنتنى رەگەتكىگە سېلىپ، بىرىنىمۇ قويماي ئېتىپ بوپتۇ، — دەپتۇ سەمەت لاپچى ۋە ئاغىنىسىنى قۇرۇق چاي بىلەنلا يولغا ساپتۇ.

## كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى

بىر كۈنى كېرەم لاپچى بىلەن ئاسىم لاپچى كوچىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ كەنجى ئوغلىمىز قەمىردىن شۇنداق باتۇر بالا بولدىكى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئاسىم لاپچى، — تۈنۈگۈن ئۈن تارتىپ كەل دەپ تۈگمەنگە ئەۋەتكەنىدىم. تۈگمەنچى نۆۋەت كۈتسەن، ئەتە يا ئۆگۈن كەل، دەپ چىشىغا تېگىپتۇ. سەككىز ياشلىق بالا ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي، ئىتتىك چۆرگىلەۋاتقان تۈگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشىنى بىر قولى بىلەن بېسىپ توختىتىۋاپتۇ. چوڭ بولغاندا قانداق كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كېتەركىنتاڭ!

— باتۇر دەپ ئەمدىلا ئىككىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن بىزنىڭ ئوغلىمىز سادىقجاننى دېسە بولىدۇ، — دەپتۇ كېرەم لاپچى، — ئاپىسى ئۇنى ئۈن تارتىپ كەل دەپ ھەر كۈنى تۈگمەنگە ئەۋەتىدۇ. ھەر كۈنى يىراقتىكى تۈگمەنگە قاتناۋېرىپ زېرىككەن كېرەك، بالا ئاخشام يوقاپ كەتتى. نەگە كەتتىكىن دېسەك، قاسىم ياۋاشنىڭ تۈگمىنىنى ئۆي - پۆي، نو - پو، تاش - پاشلىرى بىلەن قوشۇپ كۆتۈرۈپ، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ئورنىتىۋاپتۇ. ھازىر شۇ تۈگمەندە ئۈن تارتىۋاتىمىز.

## گۇمپا

كەچ كۈزنىڭ سۈتتەك ئايدىڭ ئاخشىمىدا بىر توپ بالىلار تونۇر بېشىدا چۆچەك ئېيتىشىپ ئولتۇرۇپتىكەن، بىر چاغدا شۇ مەھەللىدىكى ساتتار پوچى كېلىپ قاپتۇ. بالىلار ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ، دەپتىكەن، ئۇ:

— مەن سىلەرگە چۆچەك ئەمەس، ياشلىقىمدا بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ.

— ماقۇل، ماقۇل!— دەپتۇ بالىلار چۇرقىرىشىپ.

— مېنىڭ يىگىتلىك چاغلىرىم ئىدى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ساتتار پوچى، — بىزنىڭ ناھايىتى شاش بىر تورپىقىمىز بولىدىغان، ئۇ ئادەتتە بەش - ئالتە ئادەمگە بوي بەرمەيدىغان، كىم يېنىغا كەلسە، مۈڭگۈزى بىلەن ئىلىپ سەككىز - ئون چامدام نې-

رىغا چۆرۈلۈۋېتىدىغان، خوتۇن كىشىگە بەك ئوچ بولۇپ، قىزىل كۆڭلەك كىيگەن ئاياللارنى كۆرسىلا قوغلاپ سۈزۈپ - توقاي قىلىۋېتىدىغان. بىر كۈنى مەن ئۇ توشقاننى سۇغارغىلى ئاچىقتىم، دەريا بويىدا بىر قىزىل كۆڭلەكلىك چوكان سۇ ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن، «ئاپلا!» دەپ تۇرۇشۇمغا، توشقان ھېلىقى چوكاننى كۆرۈپ قالدى-دە، ھۆركىرىگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدى. بويىنىدىن باغلىغان ئارغامچىنى كۈچەپ تارتتىم، توشقانمۇ بوي بەرمىدى، مەنمۇ بوش كەلمىدىم. ئاقىۋەت ئارغامچا پاسسىدە ئۈزۈلدى. ئىش چاتاق، دېگەن خىيال كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. بىرەر ئامالىنى قىلمىسام، توشقان ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكلىك چوكاننى ئۈسۈپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشى، ھېچبولمىغاندىمۇ ناكار قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ شىجائەت، كۈچ دېگەن قەيەردىن كەلدىكىن، مەنمۇ يولۋاستەك ئېتىلدىم-دە، توشقاننىڭ ئىككى مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋالدىم. توشقان ھېچ بوي بېرىدىغاندەك ئەمەس. ئاخىرىچە توشقان ھېلىقى قىزىل كۆڭلەكلىك چوكاننىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالدى. مەن: «قېچىڭ!» دېيىشىمگە، ھېلىقى چوكان ئارقىغا بۇرۇلۇپلا: «ۋايجان!» دەپ چىرقىرىۋەتتى. توشقان تېخىمۇ غەزەپكە كەلدى. خەۋپ قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدىلا قالغانىدى. مەن: «ياپىر!» دېگىنىمچە، توشقاننىڭ مۈڭگۈزىدىن كۈچەپ شۇنداق بىر قايرىۋىدىم، توشقان خۇددى قاپاق تېرەك يىقىلغاندەك گۈپپىدە يىقىلدى، ھەتتا تاشتەك قاتتىق يەرگە بىر غېرىچچە پېتىپ كەتتى.

— ۋاي - ۋۇي، باياتىنلا ئۇ توشقان بەش - ئالتە ئادەمگە بوي بەرمەيتتى دېگەنىدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ بىر بالا.

— سەن نېمىنى ئۇقاتتىڭ، بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟ ئۇ چاغلاردا مەن بىرەر تۈپ سۆۋادانىمۇ بىرلا پەشۋا بىلەن سۇندۇرۇۋېتىدىغان كۈچتۈڭگۈر ئىدىم، — دەپتۇ ساتتار پوچى.

— ئۇنداقتا شاۋلىن گۇمپىسىنى ئۆگەنگەنىكەنسىز-دە؟ — دەپتۇ يەنە ھېلىقى بالا.

— شاۋلىن گۇمپىسى دېگەن نېمە ئۇ؟ — دەپتۇ ساتتار پوچى، — ئۇلار خۇددى خوتۇن كىشىدەك كىچىككىنە كالتەكنى كۆتۈرۈۋېلىپ قۇرۇق ھەيۋە قىلىدۇ. كىنو دېگىنىڭچۇ، ھەممىسى يالغان. مېنىڭ ئۆگەنگىنىم «كەتمەن گۇمپىسى». مەن دېگەن ئۇ چاغدا توققۇز - ئون جىڭلىق كەتمەننى ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە چېپىپ ھارمايدىغان، كەتمەننى ھەربىر چاپسام، كەتمەن قاتتىق سېغىز يەرگە قۇلىقىغىچە پاتاتتى، بىر كەتمەندە ئالغان توپىغا بىر تاغار توشاتتى، ئۇنى بەردەم ئىككى يىگىت ئېشەككە ئاران ئارتاتتى!

— ساتتار ئاكا، ئەمسە بىزگە بىر گۇمپا كۆرسىتىپ بەرمەمسىز؟— دەپتۇ بالىلاردىن بىرى.

— قانداق گۇمپا كۆرسىتەي؟

— ياش چېغىڭىزدا بىر پەشۋا بىلەن ھەر يوغان سۇۋادانىنى سۇندۇرۇۋېتەلەيدىكەنسىز، مانا ئەمدى ياشىنىپ قالدىڭىز، ياشلىقىڭىزدىكى كۈچىڭىزنىڭ ئوندىن بىرى بولسىمۇ باردۇر، مانا مۇشۇ مېنىڭ پاچىقىمدەك كېلىدىغان كۆچەتنى بىر پەشۋا بىلەن سۇندۇرۇپ بېقىڭا، — دەپتۇ ھېلىقى بالا ياندىكى كۆچەتنى كۆرسىتىپ.

— ياق!— دەپتۇ ساتتار پوچى، — سەن مېنى جىنايەت ئۆتكۈز دېمەكچىمۇ؟ ھازىر «ئورمان قانۇنى» بار، كۆچەتنى سۇندۇرۇش جىنايەت!

بالىلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ.

## تەڭنە ۋە هاڭگا تېرەك

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا - باشقا يۇرتتىن كەلگەن ئىككى يولۇچى مەلۇم شەھەرگە كەلگەندە بىر سارايغا چۈشۈپتۇ، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ياتاقتا چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدىكى ئاجايىپ ئىشلار ھەققىدە ماختىنىپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرتتا شۇنداق بىر چوڭ تەڭنە بار، — دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى، — ئۇنىڭ چوڭلۇقى خۇددى يوغان بىر كۆلدەك كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا سۇ توشقۇزسا، بىرەر - ئىككى يىل بالا بىمالال سۇ ئۈزۈپ ئوينىيالايدۇ.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن، — دەپتۇ يەنە بىر يولۇچى، — بىزنىڭ يۇرتتا ئاجايىپ چوڭ بىر تۈپ هاڭگا تېرەك بار، ئۇنىڭغا نەچچە يۈز ئادەمنىڭ غۇلىچى يەتمەيدۇ. بۇ هاڭگا تېرەك شۇنداق ئۆسكەنكى، ئۇچى ئاسمانغا تاقىشىپ قالغان. ئەمدىلىكتە يۇقىرىغا قاراپ ئۆسەلمىگەچكە، قايرىلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئۆسۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇچى يەرگە تاقىشىپ قالسا قانداق قىلاركىن؟

— نەدىمۇ مۇنچىۋالا يوغان هاڭگا تېرەك بولسۇن؟!— دەپتۇ بىرىنچى يولۇچى.

— ھەي بۇرادەر، — دەپتۇ ئىككىنچى يولۇچى، — ئەگەر مۇشۇنداق يوغان ھەم ئېگىز ئۆسكەن هاڭگا تېرەك بولمىسا، سەن دېگەن ھېلىقىدەك يوغان تەڭنىنى قانداقمۇ ياسىغلى بولىدۇ؟

## ئورما

ئورما ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، بىر پوچى دەپتۇ:
— تۇرپانىيۇزىدە مەن - مەن دېگەن ئورمىچىلار بىلەن بەسكە چۈشۈپ قالدۇق. بې-
شىمنى كۆتۈرمەي سولنى ۋاڭشىتىپ كېتىۋېرىپتىمەن، بىر چاغدا ئۆپچۆرەمدىن ماشىنىلارنىڭ
«دۈت - دۈت»لىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلانغىلى تۇردى. نېمە ئىش بولدىكىن، دەپ ئۆرە بو-
لۇپ قارىسام، سول تارتىپ شىخۇغا كېلىپ قاپتىمەن، باغ باغلايدىغانلار جىڭدا قاپتۇ.

## ياشلىقتا

بىر كۈنى تۇرپانلىق دۇگامەت دەپتۇ:
— ھەي، ھازىرقى زاماننىڭ ياشلىرى بىر كۈندە بىرەر مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇ-
سا، ئاخشىمى بېلىنى ئالالماي، ۋايجانلاپ كېچىچە ئۇخلىماي چىقىدۇ. بىز دېگەن ياش چاغ-
لىرىمىزدا بۇغداي ئورۇساق، سۈرئىتىمىزگە شامالمۇ يېتىشەلمەي قالىدىغان..
— ھە، ھە، — دەپتۇ بىر ياش يىگىت، — دۇگامەتكا، ئۆزۈڭ ياش چاغلىرىڭدا بىر
كۈندە نەچچە مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇيالايتتىڭ؟
— ئورغاق بىلەن ئورۇسام بەش - ئالتە مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولاتتىم. ئە-
گەرچەندە چالغا بىلەن ئورۇپ قالسام، مو سانىنى چىقارماق تەس ئىدى، — دەپتۇ دۇگا-
مەت.
— زادى قانچىلىك ئورۇيالايتتىڭ؟
— مەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، شۇنىڭغا قاراپ مو سانىنى ئۆزۈڭ چىقىرىۋال،
— دەپتۇ دۇگامەت، — بۇ ئۆتمۈش زاماندىكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بىز، ئىلى
تەرەپتە بۇغداي ئېتىزلىرىدا باشاق كۆپ قالىدىكەن، شۇنى تېرىۋالسىمۇ بىر نەچچە تاغار
بۇغداي قىلىۋالغىلى بولىدىكەن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بىر نەچچە كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئى-
لىغا باشاق تەرگىلى چىققاندۇق. بۇ ئىلىدا ئورما ئەمدىلا باشلانغان چاغلار ئىكەن. بىز
بىر بۇغدايلىققا بېرىۋىدۇق، ئورما ئورۇۋاتقانلار بىزنىڭ تۇرپاندىن كەلگەنلىكىمىزنى بىلىپ
«ئورما ئورۇيالمايدۇ» دەپ زاڭلىق قىلىشىپ: «سىلەر ھازىرچە بىزگە باغ باغلىشىپ بې-

رىڭلار» دېدى. باغ باغلاش خوتۇن خەقنىڭ ئىشى-دە! شۇڭا ئۇلارنىڭ گېپى بىزگە ئار كەلدى. مەن: «قېنى چالغىنى بېرىڭلار، ئورۇپ باقايلى» دېدىم. ئۇلار ئۇچىمىزگە ئۈچ چالغا بەردى. چالغىنى قولغا ئالغىنىمىزنى بىلىمىز، ھەش - پەش دېگۈچىلا قويۇندەكلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتۇق. ھەربىرىمىز ئالغان سول بىر دەرياداەك كېلەتتى. بىر چاغدا قولىمىزغا: «ھەي، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈسلەر؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ قارىساق، ئالدىمىزدا بىرنەچچە ئاتلىق قازاق يىگىتلەر تۇرۇپتۇ. بىز: «بۇغداي ئورۇۋاتىمىز» دېدۇق. قازاق يىگىتلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ: «نەدە بۇغداي ئورۇۋاتىسىلەر؟» دېدى. بىز: «ئىلىدا» دېدۇق. ئۇلار تېخىمۇ كۈلۈپ: «بۇ ئىلىنىڭ بۇغدايلىقى ئەمەس، ئالتاينىڭ يايلىقى، سىلەر بىزنىڭ ئوت - چۆپلىرىمىزنى ئورۇۋاتىسىلەر» دېدى. راست دېگەندەك، قارىساق، پايانسىز ئوت - چۆپلۈكتە تۇرۇپتىمىز. قارىماسىمەن، بىز ئىلىدا ئورمىغا چۈشكەن ئادەم ھەش - پەش دېگۈچە باش كۆتۈرمەي ئورۇپ، نەچچە يۈز چاقىرىم ئارىلىقنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئالتاي يايلىقىغا كېلىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ! قېنى، ئۇكا، ئۆزۈڭ ھېسابلىۋال، بىر چاي قايناتقۇچىلىك ۋاقىتتا ئاشۇنچىۋالا يەرنىڭ بۇغداي، ئوت - چۆپلىرىنى ئورۇۋەتكەن تۇرساق، بىر كۈندە قانچىلىك يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولىدىكەنمىز؟



## ئەقىللىك كالا

سورۇن دېگەندە نېمە گەپ بولمايدۇ دەيسىز. بۈگۈنكى سورۇندىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئات - ئېشەكلىرى، ئىت - مۈشۈكلىرىنىڭ «ئەقىللىكلىكى» ھەققىدە سۆزلەپلا كەتتى. خېلىدىن بۇيان گەپكە ئارىلاشماي ئولتۇرغان سەمەتقارىينىڭ بىردىنلا ئاغزى قىزىپ قالدى:

— ھەي، بۇنىڭ نېمىسىنى دەيسلەر، ھەققەتەن ھەيران قالارلىق ئىش. ھايۋانلارنىڭ بەزىلىرىمۇ خۇددى ئادەم ئۆگىتىپ، ئوقۇتۇپ قويغاندەكلا ئەقىللىك بولىدۇ. مەن سىلەرگە دېسەم، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ سېرىق تۇغۇپلا ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ موزىيىنى بىزنىڭ بالىنىڭ ئانىسى ئېمىزگۈدە سۈت ئەمدۈرۈپ باقتى. ئەنە شۇ موزاي كېيىن ئاجايىپ ئەقىللىك كالا بولدى. كالا بولا، ئەمما مېنىڭ ئاشۇ كالامدەك ئەقىللىك بولۇشى ناتايىن. ئەتىگەنلىكى سىرتقا چىقىرىۋەتسەك قوناقلىق ياكى كېۋەزلىككە باردۇ-دە، بىرەر تال زىرائەتكىمۇ زىيان يەتكۈزمەي، ئوت - چۆپلەرنىلا يەيدۇ. بىرەر ئېرىققا چۈشۈپ قالسا، ئىككىلا قاسناقتىكى ئوت - چۆپنى يېمەي، بىر تەرەپتىكىنىلا يەيدۇ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، كالاڭنىڭ بىر كۆزى چاتاقمۇ نېمە، سەمەتقارىيكام؟— دېدى سورۇندىكىلەردىن بىرى.

— ئۇقماي تۇرۇپ قارىغۇلارچە سۆزلىمە، ئۇكا، — دېدى سەمەتقارىي سەل چېچىلغاندەك بولۇپ، — گەپ ئۇنىڭ كۆزىدە ئەمەس، ئەقلىدە. كۆز دېسەڭ ئاپقۇر چىنىدەك دېسەم لاپ بولار، ئەمما نەق پىيالىدەك، ئوت يېنىپ، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزى بار، كېچىسى قارىساڭ، ماشىنىنىڭ چىرىغىدەكلا ئىدى. كېچىلىرى ئېغىلغا يەم ـ خەشەك بەرگىلى كىرىپ قالساق، چىراغ كۆتۈرۈپ كىرىشمۇ هاجەتسىز ئىدى. ھە، ئۇنىڭ بىر قاسناقتىكى ئوت ـ چۆپنى يېمەسلىكى ئۇنىڭ ئەقىللىكلىكىدىن.. ئىبرىقنىڭ بېشىغا چىقىپ قايتىشىدا ياكى ئەتىسى يەنە بىر قاسناقتىكى ئوت ـ چۆپنى يېمىسە، ئەمىسە ئوت ـ چۆپ ئىزدەپ سىرتقا چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈيۈڭگە كەتسە بولامتى؟

سورۇندىكىلەر ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى، بەزىلەر دوملاپ كەتتى. بىرى:

— سەمەتقارىيكا، ئۇنداقتا ئۇ كالاڭ تازا سۈتلۈك بولغىيتتى؟— دەپ سورىدى.

— سۈتلۈك بولمىسا، مەن ئۇنداق كالىنى نېمىدەپ باقاتتىم؟ سۆلەتكىمۇ؟

— يەڭگىمىز بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا كېتىپ قالساڭ، كالاڭنى كىم سېغىپ قوياتتى؟

— ئەمدى گەپنىڭ نەق ئۆزىگە كەلدىڭ، ئۇكا، — دېدى سەمەتقارىي خۇش بولۇپ، — مېنىڭ كالامنىڭ ئەقىللىكلىكى مانا مۇشۇ يەردە. ناۋادا بىز بازارغا ياكى مېھماندارچىلىققا كېتىپ قالساق، كالىنى ساغىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، بىزنىڭ ئۇ كالا ئۇدۇل قازاننىڭ قېشىغا باراتتى-دە، قازاننىڭ تۇۋىقىنى تىلى بىلەن بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، سۈتىنى توپتوغرا قازانغا تۆكەتتى.

## ئاسمانغا چىقىش

بىر كۈنى ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان ئىككى ئادەم ئۇچرىشىپ قاپتۇ-دە، لاپ ئۇرۇشۇپتۇ.

— مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق، — دەپتۇ بىرىنچىسى، — بارمەن دېگەن يېرىمگە بارالايمەن.

— قېنى دەپ بېقىڭا، قانداق يەرلەرگە بارالىدىڭىز؟— دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مەن ھەر كۈنى كېچىسى ئاسمانغا ئۇچۇپ، ئەك ئۇستۈنكى قەۋەتكە چىقىمەن-دە، جەننەتتە بەھۇزۇر سەيلە ـ تاماشا قىلىمەن..

ئىككىنچىسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

— سىز سامادا سەيلە - تاماشا قىلىپ يۈرگەندە يۈز - كۆزىڭىزگە يامغۇر ياغقانـدەك بولمىدىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— يامغۇر ياغقاندەك بولدى، — دەپتۇ بىرىنچىسى.

— ھە، بىلەمسىز؟— دەپتۇ ئىككىنچىسى، — ئاشۇ يامغۇردەك چۈشكىنى مەن پەرىشـتىلەر بىلەن ئويناۋاتقاندا چېچىشقان سۇ!

## يوغان ئېغىز

ئىككى پوچى پو ئېتىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرتتا شۇنداق ئېگىز بىر ئادەم باركى، ئۇنىڭ بېشى ئاسمانغا تـاقىشـىدۇ، — دەپتۇ بىرى.

— بىزنىڭ يۇرتتىكى بىر ئادەم، — دەپتۇ يەنە بىرى،— شۇنداق يوغان ھەم ئېگىـز-كى، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى كالپۇكى ئاسمانغا، تۆۋەنكى كالپۇكى يەرگە تاقاشقان.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ بەدىنى قەيەردە؟— دەپ سوراپتۇ بىرىنچىسى.

— مەن ئۇنىڭ ئاشۇ يوغان ئاغزىنىلا كۆرەلىدىم، — دەپتۇ ئىككىنچىسى.

## ئىسسىق ۋە سوغۇق

بىر كۈنى بىر تۇرپانلىق بىلەن بىر غۇلجىلىق ئۆز يۇرتلىرىنى ماختىشىپ قاپتۇ.

— بىزنىڭ يۇرت ئاجايىپ ئىسسىق يۇرت. ئۇ يەردە شۇنداق ئىسسىق بـولىدۇكى، تـو-خۇلار تۇخۇم تۇغۇشقا باشلىغاندا، تۇخۇملار يەرگە چۈشۈپ بولـغۇچىلا پىشىپ قـالمىسۇن دەپ، كۆچلۈك شامال چىقىرالايدىغان شامالدۇرغۇچنى مېكىيانىنىڭ كەينىگـە توغرىلاپ قـو-ياتتۇق. مانا ئەمدىلىكتە توخۇلارنى توڭلاتقۇغا سېلىپ تۇغدۇرىدىغان بولدۇق، — دەپتۇ تۇرپانلىق كىشى.

— ھەي، بىزنىڭ يۇرتمۇ ئاجايىپ، — دەپتۇ غۇلجىلىق، — ئـۇ يەردە شۇنداق سو-غۇق بولىدۇكى، بىز سىيىرلارنى ساغقاندا، سۈت چېلەككە چۈشۈپ بولغۇچە مۇزلاپ قالمە-سۇن دەپ، سىيىرلارنىڭ ئاستىغا ئوت قالاپ قويىمىز.

## پوچى ئالۋاستى

بۇرۇنقى زاماندا پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئالۋاستى بولغانىكەن، ئۇ ئۆزىنى پو ئېتىشقا ماھىر، تەڭدىشى يوق ھېسابلايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ پو ئېتىشنى ياخشى كۆرىدىغانلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، شۇنداقلار بىلەن تازا بىر بەسلىشىپ باقماقچى بوپتۇ-دە، ئىنسانلارنىڭ ئارىسىغا بېرىپ، بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھەي، ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟— دەپ توۋلاپتۇ. ئۆيدىن بىر كىچىك بالا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپ:

— ھە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟— دەپتۇ ئەدەپ بىلەن.

— مەن پو ئېتىشقا ماھىر ئالۋاستى، ئۆيۈڭلەردە چوڭ ئادەم بولسا، پو ئېتىشتا بەسلىشىمەن، — دەپتۇ ئالۋاستى. كىچىك بالا قىلچە تەمتىرىمەستىن:

— ئابايا بوران چىقىپ بىر تاغنى ئۆرۈۋەتكەنىكەن، دادام ئۇنى كالتەك بىلەن تىرەپ قويغىلى كەتتى، — دەپتۇ.

— ئۇنداقتا ئاناڭچۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئالۋاستى.

— سەن تېخى بىلمەمسەن؟— دەپتۇ بالا، — تاغ ئاسماننى يىرتىۋەتكەنىكەن، ئانام ئىككى بۇرگىنىڭ تېرىسىنى ئېلىپ ئاسماننى يامىغىلى كەتتى.

پوچى ئالۋاستى ئىش چاتاقمۇ نېمە، دەپ ئويلاپتۇ ۋە:

— ھەي، مەن ئەسلىدە چوڭ بىر قوڭغۇراقنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئابايا چىققان قاتتىق بوران ئۇنى ئۇچۇرۇپ كەتكەن. ئۇ ئېغىرلىقى ئۈچ مىڭ پاتمان كېلىدىغان قوڭغۇراق، سەن كۆردۈڭمۇ؟— دەپتۇ.

— ھە، ھېلىقى قوڭغۇراقمىدى، مەن ئۇ قوڭغۇراقنىڭ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئورمانلىقتا ئۆمۈچۈك تورىغا ئىلىنىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن، — دەپتۇ بالا.

— راست دەۋاتامسەن؟

— مەن ئەزەلدىن يالغان ئېيتقان ئەمەسمەن، ئۆمۈچۈك باللىرى ئۇنى خۇددى بىر تال كۈنجۈتتەك ئۇياق - بۇياققا ئىتتىرىپ ئويناپ يۈرەتتى، — دەپتۇ بالا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پوچى ئالۋاستى، ئىنسانلارنىڭ كىچىك بالىسىمۇ مۇنچىۋالا يامان بولسا، چوڭلارغا ھەرگىز گەپ تېپىپ بەرگىلى بولمىغۇدەك، قارىغاندا، ئىنسانلار پو ئېتىشتا ئالۋاستىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىكەن، دەپ ئويلاپتۇ-دە، بەسلىشىش نىيىتىدىن يېنىپ غىپپىدىلا قايتىپ كېتىپتۇ.

## ئوخشىغان ئاپتاپپەرەس

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قەشقەرلىك بىر سودىگەر بايىغا بېرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ. ئۇ كەچقۇرۇن تاماقتىن كېيىن زېرىكىپ سارايۋەننى گەپكە سېلىپتۇ:

— ئاڭلىسام، بايدا ياڭيۇنى بەك ئوخشايدۇ، دەيدۇ، راستمۇ؟

سارايۋەن گەپكە ئۇستا ئادەم ئىكەن. سودىگەرنىڭ سوئالىنى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كېتىپتۇ:

— ۋاي، ئۇنى بىر دېمەڭ، باينىڭ يەرلىرى كارامەت خاسىيەتلىك يەر، ئادەم تېرىسىمۇ تەھقىق ئۈنىدۇ. ياڭيۇ دېگەن ئەنجان كاۋىسىدەك يوغىنايدۇ، ھەربىرى يەتتە-سەككىز جىڭ كېلىدۇ. باشقا زىرائەتلەرمۇ قالتىس ئوخشايدۇ. ئۆتكەن يىلى باغنىڭ بىر بۇرجىكى ئاق قالغانىكەن، بوش تۇرغۇچە دەپ ئاپتاپپەرەس تېرىپ قويدۇم. كاساپەت بۆلەكچىلا ئايىندى، ئۇنىڭ بېشى تۈگمەن تېشىدەك، يوپۇرمىقىنىڭ ھەربىرى يوغان قازاننىڭ تۈۋىقىدەك بولۇپ كەتتى.

— ھەي، پو ئاتماڭ، — دەپتۇ سودىگەر.

— پو ئاتقىنىم يوق. بىر كۈنى ئۆيىمىزگە بىر توپ ئايال مېھمانلار كەلدى. تاماق تارتىپ بولۇشىمىزغا بىر ئايال ئۇياق-بۇياققا قاراپ: «ۋاي، بالام يوق، بالام نەگە كەتكەندۇر؟» دەپ ھەممىمىزنى ئۆرۈتۆپە قىلىۋەتتى. ئىزدەپ-ئىزدەپ، ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ئايال ھويلىنى بېشىغا كىيىپ يىغلىغىلى تۇردى. بىز: «ئالدىرىماڭ، يىغلىماڭ، تېپىلىپ قالار...» دەپ تەسەللى بەردۇق. ئاخىر باغقا چىقىپ ئىزدىدۇق. بىر چاغدا: «ئانا، مەن ماۋۇ يەردە» دېگەن كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ھەممىمىز ئاۋاز چىققان تەرەپكە— ئۆگزىگە قارىدۇق، ھېچكىم يوق. يەنە ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل شاخلىرىغا قارىدۇق، ئۇ يەردىمۇ يوق. «ۋاي بالام، سەن نەدە؟ ئادەمنى مۇنداق قورقۇتمىغىنا!» دەپ تۇۋلاشتۇق. يەنە: «مانا، مەن ماۋۇ يەردە!» دېگەن ئاۋاز

ئاڭلاندى. شۇنداق زەن سېلىپ قارىسام، ھېلىقى بالا ئۆگزى بويى ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسنىڭ ئۇچىدىكى بىر يوپۇرماقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. بالىنىڭ ئانىسى ۋە باشقا مېھمان ئاياللار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ: «ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نېمىدىكەن ئوخشىغان ئاپتاپپەرەس!» دېيىشتى. مەن ئاپتاپپەرەسكە شوتىنى قويۇپ بالىنى سالامەت چۈشۈرۈۋالدىم.

— ئوھۇي، كارامەت ئايىنغان ئاپتاپپەرەس ئىكەن. ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھەربىر تال دېنىمۇ ئۆرۈك مېغىزىدەك بار ئىكەن-دە؟— دېدى سودىگەر.

— ئۆرۈك مېغىزىدەك دەيسىزغۇ! ھەربىر تال دېنى راسا ئوخشىغان بادامدەك بار، شۇنداق چاقسىڭىز «كاراسسىدە» چىقىلىدۇ، مېغىزى ئاغزىڭىزغا تولىدۇ!

## خورازنىڭ كارامىتى

— بىزنىڭ مەھەللىدە بىر پالۋان يىگىت بار، — دەپ گەپ باشلىدى ئولتۇرۇش راسا قىزىغاندا گەپچىلەرنىڭ بىرى، — پاتقاقتا پېتىپ قالغان ماشىنىلارنى ئۆزى يالغۇز سۆرەپلا چىقىرىۋېتىدۇ.

— بۇ ھېچقانچە گەپ ئەمەس ئىكەن. بىر ئادەمنىڭ ماشىنىنى پاتقاقتىن سۆرەپ چىقارغىنى ماختىغۇدەك ئىش ئەمەس، تېلېۋىزورلاردىمۇ كۆرسىتىۋاتىدىغۇ، پالۋانلار ماشىنىنى چاتقان ئارغامچىنى چىشىدا چىشلەپلا سۆرەپ يۈرىدۇ. مېنىڭ شۇنداق بىر پالۋان خورىزىم بار، — دېدى يەنە بىرى، — چوڭلۇقىنى موزايدەك دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. پۇتلىرى بىلەكتەك، دۈگۈرۈكلىرى قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك كېلەتتى. ئاشۇ خورازدىن قورقۇپ، ئىشكىمىز ئالدىدىن پىيادە تۇرماق، ئاتلىق ئادەملەرمۇ ئۆتەلمەيتتى. بىر كۈنى مەھەللىمىزدىكى ئىتباز مەتۋاقنىڭ ئۈچ مىڭ يۈەنگە ئالغان ئىتى ئىشكىمىز ئالدىغا كېلىپ قالغانىكەن، خورىزىم بىرلا پەشۋا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جىق دىشۋارچىلىق تارتىۋالغاندىم. بىر كۈنى بازاردىن قايتىپ ئۆيگە كېتىۋاتسام، بىر پىكاپ پاتقاقتا پېتىپ قاپتۇ. پىكاپنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنلەرگە قارىسام، ئۇلارنىڭ بىرى بىزنىڭ مەھەللىدىن شەھەرگە كىرىپ سودا قىلىۋاتقان قۇناخۇن ئىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «بۇ يەردىن بىرەر تىراكتور-پىراكتور تاپقىلى بولارمۇ؟ پىكاپنى چىقىرىپ بەرسە، ھەققىنى

تۈلسەك» دېدى. «ھەي قۇناخۇن، مۇشۇنىڭغىمۇ تىراكتور كېتەمدۇ؟ ئەقلىڭلار بەكلا كالتە ئىكەن» دېسەم، «ئەمسە قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭ باشقا چارىسى بارمۇ؟» دېدى. «بۇنىڭ ئامالى ئاسان، سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن ھازىرلا كېلىمەن» دېدىم-دە، ئۆيگە بېرىپ بىر پارچە خورازنىڭ رەسمىنى ۋە ھېلىقى خورىزىمنى ئەكەلدىم. ئۇلار مېنى ھېچبولمىغاندا بىرەر - ئىككى ئۆكۈز ياكى بەش - ئالتە ئادەم باشلاپ كېلەر دەپ ئويلىغۇدىمىكىن، خوراز ئەكەلگىنىمنى كۆرۈپ: «بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بىزنى بۇ يەردە خوراز سوقۇشتۇرىدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟» دېيىشتى. «بۇ ياقىقا كېلىڭلار، — دېدىم مەن خورازنىڭ كۆزىنى چاپىنىم بىلەن توسۇپ تۇرۇپ، — سىلى مانا بۇ خورازنىڭ رەسىمىنى پىكاپنىڭ كەينىگە چاپلاپ قويۇپ، ئۆزۈڭلىنى چەتكە ئېلىڭلار.» راسا قانات قېقىپ، قىچقىرىپ تۇرغان خورازنىڭ رەسىمنى پىكاپنىڭ كەينىگە چاپلاپ بولۇپ، ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇشتى. مەن خورازنىڭ بېشىنى چاپاننىڭ پېشىدىن چىقىرىپ پىكاپنىڭ كەينىگە تۇتقۇلدى-دە، گەجگە تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ، كەينىگە داجىپ تۇرۇپ، پىكاپتىكى خورازغا شۇنداق بىر پەشۋا ئاتتىكى، پىكاپ ئىككى موللاق ئېتىپ، پاتقاقنىڭ ئۇ تەرىپىگە توغرىسىغا دەسسەپ تۇرۇپ قالدى.

## كۆك ئات

— بىر چاغلاردا مېنىڭ بىر كۆك ئېتىم بولىدىغان، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئوسمان بۆرە، — ئات ئەمەس-دە، جانىۋار. بۇ ئات سېنىڭ قولۇڭغا قانداق چۈشۈپ قالدى، دېمەمسەن. بىر كۈنى بازارغا كىرسەم، نۇرغۇن ئادەم بىر ياۋىداق ئاتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋاپتۇ. ئاتنىڭ ئىگىسى: «ئەگەر كىم مۇشۇ ئاتنى مىنىپ كوچىنىڭ بېشىغىچە چاپالىسا، ئات شۇنىڭ، بولمىسا، بىر ئاتنىڭ پۇلىنى تۆلەيدۇ» دەپ ۋارقىراۋاتىدۇ. شۇنداق قارىسام، ئات جانىۋارنىڭ ئىككى كۆزى ئوتتەك يېنىپ تۇرىدۇ، ئالدىدىن كەلگەننى چىشلەيدۇ، ئارقىدىن كەلگەننى تېپىدۇ، ئۆمرىدە بېشىغا يۈگەن چۈشمىگەن، ئۇستىگە ئادەم مىنمىگەن شاش ئات ئىكەن. ھەر «مانا مەن» دېگەن ئوغۇل باللار مىنمەك تۈگۈل ئاتنىڭ يېنىغا كېلەلمەيۋاتىدۇ. ئۆزۈمنىڭمۇ تازا قارام چاغلىرىم ئىدى. توختا، مەنمۇ تەلىيىمنى بىر سىناپ باقمايمۇ، دېدىم-دە، مەيدانغا كىردىم. ئاتنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئات

ماڭا قىيا قاراپ «خارت ـ خارت، خارت ـ خارت» قىلدى. دۈمبىسىنى ئاستا سىلىسام، پۈتۈن ئەزايى قىلدەك تىترەپ تۇرىدۇ. «شارتىلا» قىلدىم، ئۈستىگە مىنىۋالدىم. دەسلەپتە ئات سەزمەي قالدى، كېيىن چىچاڭشىپ، شۇنداق پىرقىرىغىلى باشلىدىكى، بەئەينى پىرىگە چۆشكەندەك بولدۇم. چىچاڭشىغىنىغا قوياممىدىمەن دەيسەن. ياللىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئۈستىگە مىختەك چاپلىشىپ دېۋىتىۋىدىم، ئات دېگەن جانىۋار ئوقتەك ئۇچتى. بىر دەمدىن كېيىن ئارقامغا قارىسام، بازارمۇ كۆرۈنمەي قالدى. ئات توپتوغرا تاغقا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ، شۇنداق چېپىپ كېتىۋاتىدۇكى، ئەتراپتىكى ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ، توختايدىغاندەك ئەمەس. «قېنى، قانچىلىك چاپىدىكەنسەنكىن؟» دەپ قويۇپ بەردىم. بىر چاغدا تاغقىمۇ يېتىپ كەلدۇق. قارىسام، يىراقتا ياۋا تۇڭگۇز قوغلاپ كېتىۋاتقان بىر بۆكەن كۆرۈندى. بۆكەننى بىلەمسەن؟ ئۇ شۇنداق يۈگۈرۈك نېمىكى، ھېچنېمىنى ئۆزىگە يەتكۈزمەيدۇ، دېگىنە. ئاتنىڭ بوينىنى سىلاپ قويۇۋىدىم، ئات دېگەن جانىۋار ئۇچتىكى، ياۋا تۇڭگۇزدىن ئۆتۈپ، بۆكەنگە ھەش ـ پەش دېگۈچىلا يېتىشىۋالدى. ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئېگىشىپ تۇرۇپ بۆكەننىڭ گەجگىسىدىن تۇتتۇم ـ دە، يەردىن يۇلۇۋېلىپ غانجۇغىغا باغلىۋالدىم. ئاڭغىچە ئالدىمىزدا قېلىن ئورمانلىق كۆرۈندى. ئات توپتوغرا ئورمانغا قاراپ ئېتىلىۋاتىدۇ. ئورمانغا كىرىپ كېتىپ قالسام، گۆشلىرىم قارىغاي پۇتاقلىرىدا قالىدىغانلىقى ئېنىق. تازا كۈچۈمگە كەلگەن چاغلىرىم ئىدى، تىزگىننى تارتىۋىدىم، ئاتنىڭ ئىككى جاۋىغىيى يىرىلىپ قۇلىقىغىچە كەلدى. ئات كەينىگە قايرىلىپ چېپىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، يەنە بازارغا قايتىپ كەلدىم. كىشىلەرمۇ تېخى تارقىلىپ كەتمەي، مېنى قايسى تەرەپتىن كېلىدىكىن، دەپ ئەتراپىغا قاراپ تۇرۇپتىكەن. بازار بىلەن تاغنىڭ ئارىلىقىنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلەمسەن؟ ياخشى يۈرۈشلۈك ئات بولسا، بېرىپ ـ كېلىشكە ئىككى كۈن كېتىدۇ. مەن بولسام كۆك ئات بىلەن بىر ئاش پىشىمدا بېرىپ كېلىپ بولدۇم. ئەگەر بۆكەننى ئەكەلمىگەن بولسام، مېنىڭ تاغقا بېرىپ كەلگىنىمگە ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولاتتى. كۆك ئات شۇنداق قىلىپ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالغان.

— سېنىڭ باشتىكى سۆزۈڭگە قارىغاندا، ئۇ ياۋىداق ئات ئىدى. ئاخىرىغا كېلىپ غانجۇغىنىڭ، تىزگىنىنىڭ گېپى چىقىپ قالدىغۇ؟— دەپتۇ گەپ خۇمارلاردىن بىرى.

— سەن بىز كۆرگەن ئىشلارنىڭ مىڭدىن بىرىنى كۆرمىگەن تۇرساڭ، نېمىنى بىلەتتىڭ!— دەپتۇ ئوسمان بۆرە ئۇنىڭغا مەنسىتمىگەندەك قاراپ.

## تورپاقتەك خوراز

— بىر خورىزىم بار ئىدى، دىگىنە، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە، — ئۆكۆزدەك دىسەم لاپ بولۇپ كىتەر، لىكىن تورپاقچىلىك بار ئىدى. مەيلى كىچىسى، مەيلى كۈندۈزى هويلىغا يات ئادەمنى يولاتمايتتى، هەتتا بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولغانلارمۇ «ئوسمان، خورىزىڭنى تۇتۇپ تۇر، مەن ئۆتىۋالاي» دەيتتى. شۇڭا، دەرۋازىنى تاقىماي بىر ياقلارغا خاتىرجەم كىتىۋېرەتتۇق.

— هازىرمۇ شۇ خورىزىڭ بارمۇ؟— دەپ سوراپتۇ بىرى.

— هەي، ئۇششاق باللار قويامدۇ دەيسەن. كاتەككە سولاپ قويسام ئوغرىلاپ كىتىپتۇ ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە.

## بەشئاتارنىڭ ئوقى

— بۇ باللارنىڭ گىپىگە قۇلاق سالماي، هىكايەڭنى سۆزلەۋەر، ئازنۇاقى!— دىدى سورۇندىكىلەردىن بىرى.

— شۇنى دىگىنە! بۇ باللار هىچنىمىنى بىلمەيدۇ. بىز لەڭشاڭ، هەرەمباغلاردا ئۇرۇش قىلغاندا، بۇ باللارنىڭ دادىلىرى كەينىمىزدە مىشەك تىرىپ يۈرەتتى. مۇشۇ باللىنىڭ دادىسى مەن ئاتقان ئاپتوماتنىڭ مىشەكلىرىنى تىرىۋاتقاندا ئۆلگىلى تاس - تاماس قالغاندى.

— دادامنى خۇدايىم بىر ساقلاپتىكەن-دە!— دىدى هىلقى بالا.

— سىنىڭ داداڭنى مەن ساقلاپ قالغان. مەن دۈشمەن ئاكوپىغا قاراپ ئىڭىشىپ كىتىۋاتسام، لەڭشاڭ تەرەپتىن بىر تال ئوق بىز تەرەپكە ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كىلىۋاتامدۇ! بايقىسام، بەش ئاتارنىڭ ئوقى. مەن دەرهال داداڭنىڭ ئالدىدىن تەپسەم، ۋىژژىدە قىلىپ سازلىققا كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن سىنىڭ داداڭ ئامان قالغان، دىگىنە!

## ئۆيدىن چىقماي ئوۋ قىلىش

بىر سورۇندا ئوۋ ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئوسمان بۆرە دەپتۇ:

— ھازىر ئوۋغا چىقىدىغانلار ئاتلارغا مىنىپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، نۇرغۇن ھەشەم بىلەن چىقىدىكەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا ئۆيدىن چىقمايلا ئوۋ قىلاتتىم. قانداق دېمەمسەن، «تۈركىلىنكا» مىلتىقىم بولىدىغان، كېچىسى يېنىمغا قويۇپ ياتاتتىم، سەھەردە ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۆردەك ـ غازلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشىم بىلەنلا ئويغىناتتىم ـ دە، ئورنۇمدىنمۇ تۇرماي مىلتىقنى ئېلىپ، تۆڭلۈكتىنلا ئاتاتتىم، بىرمۇ ئوق زايە كەتمەيتتى. ئوق تەگكەن ئۆردەك ـ غازلار تۆڭلۈكتىن توپتوغرا ئۆيگىلا، يەنە كېلىپ ئوقنىڭ قىزىقىدا كاۋاپ بولۇپ چۈشەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىك چايدا ئۆردەك ـ غاز كاۋىپى يەيتتۇق.

## زەمبىرەك ئوقىنى تۇتۇۋېلىپ...

— ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىللىرىدە زەمبىرەكچىلەر روتىسىغا كوماندىر بولدۇم، — دەپتۇ ئوسمان بۆرە، — بىر كۈنى ئەسكەرلىرىم: «كوماندىر، بىكار يېتىپ ئىچىمىز پۇشۇپ كەتتى، زەمبىرەك ئېتىشقا بۇيرۇق بەرسىڭىز؟» دېدى. «بولىدۇ، ئەمىسە دۈشمەن ئاكوپلىرىغا قارىتىپ ئېتىڭلار» دېدىم. ئۆزۈم بىر دۆڭگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن ئوقنىڭ نىشانغا تېگىش ئەھۋالىنى كۆزەتتىم. قارىسام، ئوقلار قىڭغىر كېتىۋاتىدۇ. جەڭچىلەرگە ۋارقىرىدىم: «كۆزۈڭگە قاراپ ئېتىشمامسەن، ئوقلار قىڭغىر كېتىۋاتىدۇ». «كوماندىر، قارشى تەرەپتىن شامال چىقىۋاتقاچقا، ئوقلار لەيلەپ كېتىپ، نىشانغا تەگمەيۋاتىدۇ» دېدى جەڭچىلەر. «ئۇنداق بولسا شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئېتىڭلار!» دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوقلار دەل نىشانغا تەگكىلى تۇردى. بىردەمدىن كېيىن گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ زەمبىرەك ئوقلىرىمۇ ئېتىلىشقا باشلىدى. دۇربۇن بىلەن شۇنداق قارىسام، بىر يوغان زەمبىرەك ئوقى توپتوغرا بىزنىڭ ئاكوپىنىڭ ئۈستىگە قاراپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ... توختا، بۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بىر بېرەي، دېدىم-دە، پايلاپ تۇردۇم. ھېلىقى زەمبىرەك ئوقى ئالدىمغا كېلىشىگىلا «كاپ» قىلىپ تۇتتۇم-دە، بېشىنى كەلگەن تەرىپىگە بۇراپ، سەكرەپلا ئۈستىگە مىنىۋالدىم. ھەر شاش ئاتلارغا مىنىپ يۈرگەن بىزدەك ئوغۇل باللار ئۈچۈن بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى دەيسەن! زەمبىرەك ئوقى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىر چاغدا خۇمارىم تۇتۇپ تاماكا يۆگىدىم، قارىسام، يېنىمدا سەرەڭگە يوق، ئوقنىڭ ئۇچىدىن تۇتاشتۇرۇپ چەكتىم. ئاڭغىچە بىر قۇم بارخىنىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدىم. بارخان ئارقىسىدىلا دۈشمەن ئاكوپى بار ئىكەن. ئوقنىڭ گەجگىسىدىن سەل بېسىپ دۈشمەن ئاكوپىغا توغرىلاپ قويۇپ، ئۆزۈم سەكرەپ چۈشۈۋالدىم. زەمبىرەك ئوقى تۆۋەنگە قاراپ شۇڭغۇپ، دۈشمەن ئاكوپىغا بېرىپ پارتلىدى. مەن قايتىپ كەلدىم.

## باتۇرلۇق

باتۇرلۇق ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئوسمان بۆرە دەپتۇ:

— باتۇرلۇق دېگەننى مەندىن سورا. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ ئەسكەر بولغان چاغلىرىم ئىدى. گومىنداڭنىڭ بىر پوتىيىنى ئېلىشقا توغرا كەلدى. كوماندىر پوتەينى پارتلىتىش ئۈچۈن كەينى - كەينىدىن بىرقانچە جەڭچىنى ئەۋەتتى. ئۇ جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى قۇربان بولدى، بەزىلىرى ياردار بولۇپ قايتىپ كەلدى، بىراق پوتەينى پارتلىتالمىدى. پوتەيدىن پىلموت دېگەن تاتاتلاپ ئېتىلىپ تۇردى. ئۆزىمۇ تازا دۆڭنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان پوتەي ئىكەن. كوماندىر تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاخىر مېنى چاقىرىپ:

«ئوسمان، پوتەيىنى سەن ئالمساڭ، باشقىلار ئالالمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى.

«بولىدۇ، كوماندىر» دېدىم.

«ساڭا نېمە كېرەك؟» دېدى.

«ئون تال گىرانات بولسىلا بولىدى» دېدىم.

كوماندىر ئون تال گىرانات بەردى. ئۇنى قول ياغلىقىم بىلەن مەھكەم باغلىدىم-دە، پوتەي تەرەپكە ئۆمىلەپ كەتتىم. پوتەيگە يېگىرمە - ئوتتۇز قەدەم قالغاندا، پىلىموت ئېتىلىۋاتقان تۆشۈككە قارىتىپ ھېلىقى بىر يۈگەك گىراناتنى ئاتتىم-دە، يەرگە چاپلىشىپ يېتىۋالدىم. قۇلاق سالسام، ھېچ «گۈم» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، گومىنداڭنىڭ تاپانچا تۇتقان بىر ئورۇق، ئېگىز ئوفىتسېرى ئالدىدا، پىلىموت تۇتقان قاپقارا، دۈپدۈگىلەك ئەسكىرى كەينىدە ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ. ئوفىتسېر تۆۋەنگە قاراپ پىلىموتچىدىن سورىدى:

«جىگا سۇيدى بومبا ؟»

«ئايۇپ شاڭزۇڭدى پىگيۇ ئوسمان بۆردى بومبا » دېدى پىلىموتچى. ئۇنىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا «گۈمبا-گۈمباڭ» قىلدى-دە، ئىككىسى تەڭلا پارتلاپ كەتتى.

جىگا سۇيدى بومبا— خەنزۇچە: بۇ كىمنىڭ بومبىسى.

ئايۇپ شاڭزۇڭدى پىگيۇ ئوسمان بۆردى بومبا— خەنزۇچە: ئايۇپ شاڭزۇڭنىڭ ئاغىنىسى ئوسمان بۆرىنىڭ بومبىسى.

## بەسلىشىش

بىر كۈنى ئابدۇباقى بىلەن ئازنۇۋاقى پو ئېتىششتا بەسلىشىپ قاپتۇ.

— نېمە بىلەن بەسلىشىپ پو ئېتىشىمىز؟— دەپتۇ، ئازنۇۋاقى.

— سەن نېمە دېسەڭ، مەن شۇ، — دەپتۇ ئابدۇۋاقى.

— ئۇنداق بولسا، قايسىمىز يېڭىلسەك، ئوتتۇز ئوغۇلغا بىر مەشرەپ بېرىمىز،

ماقۇلمۇ؟

ئابدۇباقى «ماقۇل» دەپتۇ- دە، يو ئېتىشنى باشلاپتۇ:

— بىر يىلى بېدىلىكنىڭ ئورنىغا كاۋا تېرىسام ئاجايىپ ئوخشاپ كەتتى، دېگىنە! ھەر كاۋا - ھەر كاۋا! ئاقسۇدىمۇ كاۋا مۇنداق ئوخشىماپتىكەن. كۆز كېلىپ قالدى، كاۋىلارنى توشۇپ ئاۋارە بولماي، ئېتىزدىلا تۇرغۇزۇپ ساتتىم. بىر يوغان كاۋىغا ھېچكىمنىڭ پۇلى چىقىشماي قالدى. مەن ئۇ كاۋىنىڭ يېنىغا بارسام، كاۋا مەندىن بىر مېتىر ئېگىز تۇرمامدۇ! ئىتتىرىپ باقسام، مىدىرلاپمۇ قويمىدى. بولمىسا، مەنمۇ ئاتنى مۇرەمگە ئېلىپ كۆتۈرىدىغان ئەزىمەت ئىدىم. شەھەردىن بىر كىران بىلەن ئون چاقلىق ماشىننى باشلاپ چىقتىم. ھېلىقى كاۋىنى كىران بىلەن كۆتۈرۈپ ماشىنىغا باستۇق-دە، ئاستا ھەيدەپ ئەكېلىپ ھويلىغا چۈشۈرۈۋالدىم..

كىچىك باللاردىن بىرى بۇ گەپنىڭ پولىقىنى چۈشەنمەي:

— كاۋىمۇ شۇنداق يوغىنامدۇ؟— دەپتۇ.

— سەن بىلمەيسەن، ئۇكا، — دەپتۇ ئابدۇباقى، — ئۇ چاغدا سەن ئىشتان كىيمەي ئويناپ يۈرەتتىڭ. ئاقساقاللىق قىلماي ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋەر.

— بۇ راست گەپ، ئۇكام، — دەپتۇ ئازنۋاقى ئابدۇباقىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — ئۇ شۇنداق يىللار ئىدى. پولات - تۆمۈر تاۋلىغاندا، مەن داشقاللار ئارىسىدا قالغان چويۇندىن بىر قازان ياساتقانىدىم. ھېلىقى قازاننى ھادىس يوغان ياساتقانىكەنمەن. قىرىق تونىلىق كىران بىلەن كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا ئېلىپ باردىم. چوڭ - كىچىك ئىككى يۈز ئادەم قازاننىڭ ئىچىگە چۈشۈپ سۈپۈرگە بىلەن بىر ھەپتە يۇدى. قازاننى يۇيۇپ بولغۇچە ھېلىقى كىران كېتىپ قالغانىكەن، بۇ ئادەملەرنى قازاننىڭ ئىچىدىن ھېچقانداق قىلىپ چىقىرالمىدىم. ئاخىر ئۇلارنىڭ بالىچاقا، ئۆي بىساتلىرىنى قازاننىڭ ئىچىگە كۆچۈرۈپ قويۇپ قۇتۇلغانىدىم. ئۇلار ھازىرغىچە شۇ قازاننىڭ ئىچىدە ئۆي تۇتۇشۇپ، ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ، قىزلىرىنى ياتلىق قىلىشتى.

— ماكە، ئاداش! قازان دېگەنمۇ ئۇنچىۋالا يوغان بولامدۇ!؟— دەپتۇ ئابدۇباقى ئىشەنمەي.

— ھېلىقى سېنىڭ كاۋاڭنى ئاشۇ قازاندا پىشۇرمىسا، قانداق پىشۇرغىلى بولسۇن!— دەپتۇ ئازنۋاقى.

## زادى ئاڭلاپ باقمىغان

بىر كۈنى پادىشاھ زېرىكىپ قېلىپ ئەپەندىمگە:

— سىز ماڭا زادى ئاڭلاپ باقمىغان يالغان سۆزدىن بىرنى دەپ بەرسىڭىز، سىزگە يۈز تىللا تارتۇق قىلىمەن، — دەپتۇ.

— خوپ، گېپىمىز گەپ ئەمسە! — دەپتۇ ئەپەندىم. ئارقىدىنلا يالغان سۆزلىگىلى باشلاپتۇ، — بۇرۇنىسىدا بىر قېچىرىم بار ئىدى. بىر كۈنىسى ئۇ ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كەتتى. مەن تەرەپ - تەرەپنى ئىزدەپ زادىلا تاپالمىدىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن بازاردىن يوغان بىر تاۋۇزنى سېتىۋېلىپ ئۆيگە ئەكېلىپ تىلسام، ھېلىقى قېچىپ كەتكەن قېچىرىم تاۋۇزنىڭ ئىچىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، خانىش ئايىمنىڭ كەشنى ياماۋېتىپتۇ.

پادىشاھ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— مۇنداق يالغان گەپلەرنى مەن كۆپ ئاڭلىغان، يېڭى گەپ ئەمەس. ئۆزىڭىزنىڭ خوتۇننى خانىش ئايىم دەۋېلىۋاتسىز، — دەپتۇ.

بىر كۈنى ئەپەندىم يەنە يېڭىدىن يالغان سۆز توقۇغىلى باشلاپتۇ:

— بىر كۈنى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — دادام ئىككىمىز بىر كېمىگە چۈشۈپ دېڭىزدا كېتىپ باراتتۇق. تۇساتتىن دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بىر كېمىسىگە دۇچ كېلىپ قالدۇق. دېڭىز قاراقچىلىرى بىزنى قوغلىشىپ كەلدى. مەن كېمىنىڭ رولىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، كېمىنى يوغان بىر لەھەڭنىڭ قورسىقىغا ھەيدەپ كىرىپ كەتتىم. قاراقچىلار كېمىسىمۇ بىزنى قوغلىشىپ لەھەڭنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەلدى. مەن لەھەڭگە ئاستا شىۋىرلاپ: «بىزنىڭ كېمىمىز بەك چوڭ كېمە، سىز ھەزىم قىلالمايسىز. قاراقچىلارنىڭ كېمىسى كىچىك، ئۇنى گەپ - سۆز يوق ھەزىم قىلىپ كېتەلەيسىز» دېدىم. لەھەڭ مېنىڭ گېپىمنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ، قاراقچىلارنىڭ كېمىسىنى يۇتۇۋېلىپ، بىزنىڭ كېمىمىزنى پۇركۈپ چىقىرىۋەتتى.

— مۇنداق پو گەپلەرنىمۇ كۆپ ئاڭلىغان. سىز مەن ئاڭلاپ باقمىغان گەپتىن بىرنى دەپ بېرىڭ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— خوپ ئەمسە، مەن سىزگە راست بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى دەپ بېرەي. بىر كۈنى مەن بوۋامدىن قالغان بىر كىتابنىڭ ئىچىدىن بىر ھۆججەتنى تېپىۋالدىم. ھۆججەتنى سىزنىڭ مەرھۇم ئاتىڭىز ئۆز قولى بىلەن يېزىپتىكەن. مەرھۇم ئاتىڭىز بوۋامدىن ئۈنىمىڭ سەر كۈمۈش تەڭگە ئۆتنە ئاپتىكەن. بۇ پۇلنى قايتۇرۇش ئەمدى سىزنىڭ گەدىنىڭىزدىكى قەرز بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم قىلچە تەمتىرىمەي.

## ئۆز ئۆيۈمدىمۇ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بازاردىن قايتقان ئەپەندىم ئۆيىگە كىرىشتىن ئىككى قاراقچىغا يولۇقۇپ قاپتۇ. ئەپەندىمدىن ھېچ نەرسە ئالالمىغان قاراقچىلار ئەپەندىمنى راسا ئۇرۇپ، ئاندىن قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ يەنە كۆڭلى ئۇنىماي، ئەپەندىمگە ئەگىشىپ ئۆيىگىچە كېلىپ، تۆكلۈككە چىقىۋېلىپ، ئەپەندىمنىڭ بالىچاقىلىرىغا نېمە دېيىشىگە قۇلاق سېلىپتۇ.

— ھازىر ئۆيگە كېلىۋاتسام، — دەپتۇ ئەپەندىم خوتۇنىغا، — يولدا يۈزلىرىگە نىقاب تارتىۋالغان سەككىز قاراقچى توساتتىن چىقىپ ئالدىمنى توسىۋاسمۇ، نەدىن كەلدى بۇ غەيرەت - جاسارەت، ئىككىسىنى ئىككى پەشۋا بىلەن دومىلىتىۋەتتىم. ئىككىسىنى مۇشتلاپ ياتقۇزۇۋەتتىم. ئاندىن ئىككىسىنى كاللا قويۇپ دەرەخكە شاپاقتەك چاپلىۋەتتىم. قالغان ئىككىسى غال - غال تىترەپ قاچماقچى بولغانىدى، خۇددى سا توخۇنى ئالغاندەك گەجگىسىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىۋەتتىم. ئەسلىدە بۇ ئىككىسىنى بويندىن ئارغامچا بىلەن باغلاپ بەرسەم، سېنى ئىشەك قىلىپ مىنىپ ئويىنسۇن دەپ ئېلىپ مېڭىۋىدىم، ئۆيگە يېقىن كەلگەندە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالدى، رەھىم كېلىپ قويۇپ بەردىم.

تۆكلۈك بېشىدا بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئىككى قاراقچى ھەيران بوپتۇ. بىرى:

— ھەي ئەپەندىم، بۇ دېگەننىمۇ لايىقىدا ئاتقان ياخشى. ياختىڭىز ئۇچۇپ كەتمىسۇن بىكار، — دەپتۇ.

— يولۇڭغا مېڭىش! ئۆز ئۆيۈمدىمۇ لايىقىدا پو ئاتقىلى قويۇشمامسەن؟! — دەپتۇ ئەپەندىم خاپا بولۇپ.

## ئات مىنىمۇ يەرگە ئۇردى

بىر ئولتۇرۇشتا ئات مىنىش چېۋەرلىكى توغرىسىدا پاراڭ بوپتۇ. نۆۋەتى كەلگەندە:
— بىر كۈنى،— دەپتۇ نەسىردىن ئەپەندىم،— ئابدۇغوپۇرباي يايلاقتىن ئېلىپ كەلگەن راسا سېمىز، ئاساۋ ئېتىنى ئوغلاقتا سالماقچى بولۇپتۇ. بىراق ئوغلاقچىلاردىن بىرىمۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ مىنەلمىدى. ئۇلار پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئاپىرىشى بىلەنلا، ئات پۇشقۇرۇپ، ئۆرىدەپ، ئۇلارنى يەرگە ئۇردى. «مەن» دېگەن ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە ھەممىسى ئوخشاشلا يىقىلدى. قويساڭچۇ، شۇنداق يامان ئات ئىكەن، ھەرقاندىقىنى ئۈستىگە مىندۈرمىدى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ ئاتنىڭ يېنىغا باردىم، ئاستا يايلىنى تۇتۇپ، بىر سەكرەپلا ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، بېشىنى قويۇۋەتتىم..
گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئابدۇغوپۇر باي كىرىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەپەندىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي:
— شۇنداق قىلىپ ئون قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا ئات مېنىمۇ يەرگە ئۇردى!— دەپ لاپىنى تۈگىتىپتۇ.



## بىر مىشكاپ ئوق

بىر كۈنى تەڭتۇشلىرى ئارىسىدا ئۇرۇش ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئوسمان بۆرە دەپتۇ:
— بىر كۈنى دۈشمەن تەرەپكە رازۋېدكىغا كېتىۋاتقىنىمدا، گومىنداڭنىڭ ئايروپىلانى كۆرۈپ قېلىپ قوغلىدى. يولنىڭ بويىدىكى قوناقلىقتا ئۆزۈمنى ئاتتىم ـ دە، ئۆملەپ قاچتىم. ھېلىقى ئايروپىلان ئۈستۈمدە ئايلىنىپ ھەدەپ يانپېشىمنى ئوققا تۇتتى. «ھە، خۇنپەرلەر، مەقسىتىڭ ماڭا ئايان،— دەپ ئويلىدىم كۆڭلۈمدە،— ھەرقايسىڭ پۇتۇمنى ياردار قىلىپ، مېنى تىرىك قولغا چۈشۈرمەكچى!». بىر چاغدا، ئوقى تۈگىدى بولغاي، ئايروپىلان قايتىپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرسام، شالۋۇرۇم شۇنداق ئېغىر، پۇتۇمنى تۈزۈك يۆتكىيەلمىدىم. بۇ نېمە گەپتۇ، دەپ شالۋۇرنى يېشىپ قارىۋىدىم، يەرگە بىرنېمىلەر توكۇرلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. قارىسام، دۈشمەن ئايروپىلانى ئاتقان پىلموتنىڭ ئوقلىرى

ئىكەن. شۇ قېتىمدا بىر مىشكاپ ئوق يىغىۋالدىم.
— ئوقلارنىڭ شالۋۇرۇڭدىن ئۆتمىگىنى قىزىققۇ؟
— شالۋۇرۇم ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن-دە، ئېيىق تېرىسىدىن ئوق ئۆتمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟— دەپتۇ ئوسمان بۆرە سوئال سورىغۇچىغا ئالىيىپ قاراپ.

## نەيگە قونغان بۇلبۇل

— مەن ياش ۋاقتىمدا، — دەپتۇ ئازنىباقى، — نەي چېلىشقا بەكمۇ ئۇستا ئىدىم. روزىكام تەمبۇر چالغاندا، تەمبۇرنىڭ دەستىسىگە بۇلبۇل قونغانىنى مەنمۇ كۆرگەن، بىراق نەيىنىڭ ئۇچىغا بۇلبۇل قونغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن.
بىر يىلى كۆكلەم پەسلىدە بەش - ئالتىمىز بىزنىڭ باغدا تاڭ ئاتقۇچە نەغمە - ناۋا قىلدۇق. ھەممىمىزنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرىغا بۇلبۇل كېلىپ قوندى. ناخشا - مۇزىكا توختىغاندىن كېيىن ھەممە بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتتى، لېكىن مېنىڭ نېيىمگە قونغان بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتمىدى. مەن بۇلبۇلنى ئۈركۈتۈۋەتمەي، نېيىمنى ئۆرۈك شېخىنىڭ ئاچىمىقىغا ئاستا قويۇپ قويدۇم-دە، يانپاشلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدىم. ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يەنە نەغمە - ناۋا قىلماقچى بولدۇق. نەيىنى چالسام، ھېچ ئاۋاز چىقمىدى، نېمە بولغاندۇر، دەپ نەيىنىڭ ئىچىگە قارىسام، ھېلىقى بۇلبۇل نەيىنىڭ تۆشۈكىگە كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ.
— ماشە! نەيىنىڭ تۆشۈكىگە بۇلبۇل پاتامدۇ؟— دېدى بىر يىگىت.
— ھەي، ئۇ چاغدىكى بىزنىڭ نەيلەرنى سەن كۆرمىگەن، ئۇ مۇنداق نەيلەردىن ئەمەس، مەشنىڭ كانىيىدەك نەي ئىدى، دېگىنە!



## نوچىلىق

بىرنەچچىمىز ئۆستەڭ بويىدا سەگدەپ ئولتۇراتتۇق، تەلىيىمىزگە ئابدۇلكام كېلىپ قالدى.
— ئابدۇلكا، — دېدى ياش قىزىقچىمىز كامىل، — نەچاغدىن ئېيتىپ كېلىۋاتقىنىڭغا قارىغاندا قىلمىغان ئىشىڭ قالماپتۇ. قېنى ئېيتقىنا، سېنىڭ بىرەر ئادەم بىلەن «سەن-پەن» دېيىشىپ، ياقا سىقىشىپ قالغان چاغلىرىڭمۇ بولغانمۇ؟

— ۋاھ، دەۋاتقان گېپىڭنى قارا سېنىڭ! مەن ساڭا دەپ قويااي، دېۋەيلىشىش، تىللىششىش دېگەنلەر خوتۇن خەقنىڭ قىلىدىغان جېدەلى ئۇ!— دېدى ئابدۇلكام ۋە كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ھازىرلا مۇشتلىشىدىغاندەك ئەلپازدا گەپكە كىرىشتى، — سېنىڭ كۆرۈپ يۈرگىنىڭ بىر ئادەمنى نەچچىسى بىر بولۇپ ئۇرىدىغان قورقۇنچاقلارنىڭ سوقۇشۇشى تايىنلىق. بىز ياش چاغلاردا بارغۇ، ئىككى ئادەم جېدەللىشىپ قالسا، كەچكىچە تىللىشىدىغان، ياقا سىقىشىپ چۆجە خورازدەك بازلىشىدىغان، كۆچى يەتمىسە، قولىغا تاش - كېسەك، توقماق، پىچاق ئالىدىغان ئىش يوق ئىدى. ئاستىلا ئىشارەتلىشىپ، خالىي جايغا چىقاتتۇق، شۇندىمۇ ئالدىراپ - تېنەپ مۇشت - پەشۋا ئېتىپ يۈرمەيتتۇق، خۇددى ئېيسل تائامغا تەكلىپ قىلغاندەك: «قېنى، سېنىڭدىن بولسۇن» دەپ كۆكرەك كېرىپ تۇراتتۇق. كىم ئۇرۇپ يىقىتىۋەتسە، يىقىلغاننى يىقىتقۇچى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ قوياتتۇق. تاياق يەپ قالغىنى ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەيلا: «مەن ساڭا قول قويدۇم، ئەكەل قولۇڭنى!» دەپ، ئۇرغۇچىنى ئاشپۇزۇلغا ئاپىرىپ مېھمان قىلاتتى.

— ئۇنداقتا، — دېدى كامىل ئەتەي ئابدۇلكامنىڭ چىشىغا تېگىپ، — سەن ئاشۇ چاغلاردا كۆپ ئادەمنى مېھمان قىلغانسەن؟

— نېمە دېدىڭ؟ مەن دېگەن ئارا كۈندە بىر مېھمان بولاتتىم. ئاغزىمنى تاتىلاپ قالدىڭلار، مەن سىلەرگە مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي: بىر كۈنى ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كەلسەم، قازان شەھەرىدىن ھېچ شەپە يوق. «خوتۇن، تاماق - پاماق ئەتمىدىڭمۇ؟» دېسەم، خوتۇن: «ئوچاققا ياقىدىغانغا بىرنەرسە بولمىسا، ئۆزۈمنى ئوتۇن قىلاتتىممۇ؟» دېدى. «ئۇنداق بولسا سۈپىرا - تاختاڭنى يېيۋەر، مەن ياقىدىغان نەرسىنىڭ ئامالىنى ھازىرلا قىلىمەن» دېدىم-دە، ئۆيدىكى بىر دۆۋە سامان بوش پاتىدىغان يوغان تاغارنى ئېلىپ خاڭغا يۈرۈپ كەتتىم. ھەش - پەش دېگۈچىلا تاغارغا دوست - بۇرادەرلەرنىڭ ياردىمى بىلەن لەببالەب كۆمۈر قاچىلاپ، كىچىك بالىنى ھاپاش قىلغاندەك يۈدۈدۈم-دە، ئارقىغا ياندىم. داۋاندىن پەسلىشىمگە كۆمۈر ئېلىپ يانغان ھارۋىكەشلەر ئاتلىرىنى ئوت چالدۇرۇپ، ئۆزلىرى چاي - تاماققا ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. بۇ يەردىمۇ بىرنەچچىسى ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى، بايىقىغۇدەك بولسا، كاساپەتلەر بۈگۈنمۇ بىر مەيدان مۇشتلىشىش ئۇيۇشتۇرىدىغاندەك قىلاتتى. تاغارنى يەرگە قويۇپ، خېرىدارلىقى قاتتىقراق بىر توپنىڭ ھۇزۇرىدا بولۇپ قالدىم. بىر قاسقاندا مانتا كەلتۈرۈلدى. «ئالە - باقە» بىلەن ئەمدىلا تۆت - بەشتىن مانتا يەپ تۇراتتۇق، «قارس - قۇرس، گۈلدۈر - غالاپ» قىلىپ قالدى، قارىغۇدەك بولساق، شاش ئىككى ئات ھارۋا

بىلەن قاسقانىنى سۆرەپ كېتىۋاتىدۇ، نىمە ئىش ئىكەن دېسەك، بىر گالۋاڭ ئادا يەر تېپىلمىغاندەك، ئېتىنى مانتا پىشۇرۇۋاتقان قاسقاننىڭ قۇلىقىغا باغلاپ قويۇپتۇ دەڭلا. مانتىپەز: «يا، مانا مانتا پىشتى!» دەپ قاسقانىنى ئاچقانىكەن. ئاتلار ئۈركۈپ، قاسقانىنى سۆرەپ قېچىپتۇ. مانتىپەزلەر بىلەن ھارۋىكەشلەر ئوتتۇرىسىدا قاراپ تۇرۇپلا يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمىغۇدەك جاڭجال چىقتى. سەپسالغۇدەك بولسام، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن ھارۋىكەشلەرنى مانتىپەزلەر ئۇوبدانلا بوزەك ئەتكىلى تۇردى. مۇنداق چاغدا مەن قول قوۋۇشتۇرۇپ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرالايتتىممۇ! چاپاننى يېشىپ مەيدانغا چۈشتۈم..

— ھە، ھە، ئاندىن كېيىن، — دېيىشىپ كەتتۇق.

— بىر - ئىككى سائەت قىيامەتنىڭ جېڭى بولدى، — دېدى ئابدۇلكام، — مەن جېدەلنى سېتىۋالغاندىم، غەزىپىمگە پايلىماي، مانتىپەزنىڭ ئوچاقتىكى قاسقانلىرىنى بىر تېپىپتىكەنمەن، نەچچە قاسقان مانتا تورۇسقا چاپلىشىپ قالدى. مانتىپەزلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتە مەلەق يېتىپ كەتتى. قاراپ تۇرۇشقانلار: «ئابدۇلكا، بىزنىڭ يۇخادىن چىقاردىڭ، يامىنى رىزقىمىزغا ئولتۇردۇڭ، مانتىپەزلەر يەردە يېتىشسا، مانتىلىرى شەپەرەڭدەك تورۇسقا چاپلىشىۋېلىشتى، قورساق ئاچ قالدى» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىيلەن ئۆز يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

بىچارە ئايالىم ھەممىنى تەق قىلىپ، يولۇمغا قاراپلا ئولتۇرغانىكەن، قاس - قۇسلا قىلىپ تاماقنى تەييارلاپ ئالدىمغا قويدى. راسا تەرلەپ - پىشىپ غىزالىنىۋاتسام دۇمبەم قىچىشقاندەك قىلدى. «خوتۇن، قارىغىنا، ئېچىمگە قىلتىرىق كىرىۋالغانمۇ نىمە؟» دېدىم. خوتۇن چاپىنىمنى قايرىغىنىنى بىلىمەن، «ۋاي، ئاتامەي، ۋاي ئانامەي» دەپ پېشانىسىگە شاپىلاقلاپ، ئەتراپىمدا پەرۋانە بولۇپ كەتتى. «نىمە بوپتۇ، خوتۇن؟» دېسەم، ئايالىم: «دۇمبىلىرىدە ۋاچچىدىلا پىچاق سانجىقلىق تۇرىدىغۇ! نىمە كارامەتتۇ بۇ؟» دەپ پىچاقلارنى بىر چەتتىن سۇغۇرۇپ شىرەگە قويغىلى تۇردى.. سانىسام، نەق ئون يەتتە پىچاق. بايىقى ئېلىشىشتا مانتىپەز دېگەن چىدىماسلار پىياز توغرايدىغان پىچاقلىرىنى تىقىۋەتكەنىكەن. مەن بىخۇد شۇنىمۇ سەزمەي ئۈستىگە چاپاننى كىيىپ، تاغارنى يۈدۈپ كېلىۋېرىپتىمەن ئەمەسمۇ..

## ئايروپىلاندا

بىر سورۇندا ئايروپىلان ھەققىدە گەپ چىقىپتىكەن، ئازنىباقى دەپتۇ:

— بىر كۈنى بىكارچىلىقتا كوچا ئارىلاپ يۈرۈپ قەدىناس دوستۇم رۇستەم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم.

«ئاداش، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، — ئىككىمىز بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولغانىدۇق. مانا ئەمدى، يادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياغاچ چاققاندا ئايرىلدۇق، دېگەندەك، سەن ئۇچقۇچى بولۇپ قالدىڭ، مەن باققاللىق قىلىۋاتىمەن. كونا دوستلۇقىمىزنى ئۇنتۇمىغان بولساڭ، مېنى ئايروپىلانىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ بىر ئويىنىتىپ كەلمەمسەن؟»

دوستۇم ئويلىنىپ تۇرمايلا:

«يۈرە!» دېدى-دە، مېنى ئايروپىلان يېنىغا باشلاپ باردى.

ئايرودۇرۇمدا ھەر يوغان ئايروپىلانلار بار ئىكەن، ئەمما رۇستەمنىڭ ئايروپىلانى كىچىكلا ئىكەن.

«ھەي ئاداش، بۇ نېمەڭ ئىككىمىزنى كۆتۈرەلەمدۇ؟» دەپ ئىشەنچسىزلىك بىلەن ئايروپىلانغا چىقتىم. رۇستەم:

«خاتىرجەم بول!» دېدى-دە، بېلىمدىن تاسما بىلەن باغلاپ قويدى.

«ئاداش، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دېدىم ھەيران بولۇپ.

«ئايروپىلان سىلكىنسە، زەخىم يەپ قالمايسەن» دېدى رۇستەم كۈلۈپ.

«چىشىم چىققاننىڭ بۇياقىدا ئايروپىلانغا بۈگۈن ئولتۇرۇپتىمەن. سىلكىنىدىغان كاتاڭ يولدا ھەيدىمەي، ئەينەكتەك سىلىق ئاسفالت يولدا ھەيدىمەمسەن!» دېدىم مەن.

مەن گېپىمنى تۈگەتكۈچە، ئايروپىلان ئوت ئېلىپ ئۆرلەپ كەتتى. ئىككى دەرەخ بويىي ئۆرلىگەندە، پەسكە قاراپ قورقۇشقا باشلىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، بىرئازدىن كېيىن قارىسام، بۇلۇتقا يېقىنلاپ قاپتىمىز.

«ۋاي جېنىم ئاداش، بەك ئۆرلەپ كېتىپسەن! ئۇششاق بالىلىرىم بار، كۈن كۆرگىلى قوي! بىرئاز پەسلەت!» دەپ يالۋۇردۇم.

رۇستەم ئايروپىلاننى دەرەخ بويى پەسلەتتى. شۇ ئارىدا بىزنىڭ مەھەللىگە كېلىپ قاپتىمىز. ئەنە، بىزنىڭ ھويلىمۇ كۆرۈندى! باللىرىمنىڭ ئانىسى تاننىغا كىر يېيىۋاتقانىكەن.

«ھەي، ئانىسى، ئەھۋالىڭلار قانداقراق؟» دېدىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىر قاراپلا مېنى تونۇدى.

«بىزنى تاشلاپ قويۇپ، نەگە قاچاي دەيسىز؟ تېز يەرگە چۈشۈڭ!» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

«بىلىم تاسما بىلەن مەھكەم باغلاقلىق، يەرگە چۈشەلمەيمەن، خوتۇن!» دېدىم.

«ئۇيدە ماي، گۆش يوق. بىز ئاچ ئولتۇرامدۇق؟» دېدى خوتۇنۇم.

«مە، مۇنۇنى خەجلەپ تۇرۇڭلار!» دەپ ئون سومنى تاشلاپ بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلغانلىقىمنى مەھەللىدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋىدىم، ھېچكىم ئىشەنمىدى. كۆڭلۈمدە «خەپ!» دېدىم-دە، بىر - نەچچە كۈندىن كېيىن يەنە بۇرادىرىم رۇستەمنى ئىزدەپ تاپتىم «جېنىم ئاداش، مېنى ئايروپىلانىڭغا ئولتۇرغۇزۇپ يەنە بىر ئويىنتىپ قويساڭ...» دەپ يالۋۇردۇم. ئۇ «ياق» دېمەستىن، مېنى ئايروپىلانغا چىقاردى. بىز «غۇڭ» قىلىپ ئۆرلەپ كەتتۇق. بۇ قېتىم قورقۇش - پۈرقۈش دېگەن نەرسە خىيالىمغا كىرىپ باقمىدى. بېلىمنىمۇ باغلىماي ئولتۇرۇۋەردىم.

«جېنىم ئاداش، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۈستىگە بارغاندا تازا پەسلەپ ئۇچساڭ» دېۋىدىم، رۇستەم «ماقۇل» دېدى.

مەن يانچۇقلىرىمغا تاش ئالما سېلىۋالغاندىم. ئايروپىلان دەرەخ بويى پەسلەپ، مەھەللىمىزدىكى چوڭ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە كەلدى. كىشىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. مەن ئايروپىلان كۆزنىكىدىن بېشىمنى چىقىرىپ:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، تالىپ ئاخۇن ئاكا، ناسىرجان، بۇگۈن دۇكاننى ئاچمىدىڭلارمۇ؟ دەپ ھەممىسىدىن ئەھۋال سورىدىم. بەزىلەر ھەيران بولۇپ:

«ھوي ئازنىۋاقى، بېغىڭغا قارىماي، ئاسماندا نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟» دەپ سورىدى.

«بىكار ئۇچۇپ يۈرگىنىم يوق! بۇ يىل تاش ئالمىلىرىم قالتىس بولۇپ كەتتى، شاخنىڭ ئۇچىدىكىلىرىنى ئايروپىلان بىلەن ئۈزۈۋاتىمەن!» دېدىم-دە، يانچۇقلىرىمدىكى تاش ئالمىلارنى تاشلاپ بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم.

## تېز سۈرئەتلىك پىكاپ

— ئايلار، يىللار ئۆتۈپ، ئوقتىم ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كەتتى، — دەپ گەپ باشلاپتۇ ئازنۋاقى، — خېلى پۇللۇق بولۇپ قالدىم. بىر كۈنى گېزىتتىن ياپونىيەدە ئىشلەنگەن، سائەتتىگە ئۈچ يۈز كىلومېتىر يول يۈرەلەيدىغان «تويوتا» ماركىلىق پىكاپ سېتىلىدۇ، دېگەن ئېلاننى كۆرۈپ قالدىم. دەرھال بانكىدىن يۈز مىڭ يۈەننى ئالدىم-دە، شاڭخەيگە بېرىپ شۇ پىكاپتىن بىرنى سېتىۋالدىم. شاڭخەيدىن كەلگۈچە ھەيدەشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم. ئايالىم بىلەن ئىككى بالام ئۆرۈمچىدە مېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، ئۇلار پىكاپنى كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئۇلارنى ئېلىپ ناشتىدىن كېيىن غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. پىكاپىمنى بارغانسېرى تېزلەتتىم. جىڭدىن ئۆتكەندە پىكاپنىڭ تېزلىكى سائەتتىگە ئىككى يۈز ئەللىك كىلومېتىرغا يەتتى. بۇ چاغدا پىكاپ مېڭىۋاتامدۇ، ئۇچۇۋاتامدۇ، بىلگىلى بولمايدىكەن. سەنتەيگە يېقىنلاشقاندا پىكاپنى باشقۇرالماي قالدىم. پىكاپىم ئۇدۇل سايرام كۆلىگە كىرىپ كەتتى، كۆلنىڭ ئۈستىدە خۇددى قوغلىغۇچى پاراخوتتەك ۋىژىلداپ كېتىپ بارمامدۇ! «ياپىرىم! خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دېدىم. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا، ئوغلۇم: «دادا، ئاۋۇ ئۆردەكنى تۇتۇۋالاي، پىكاپنى بىردەم توختاتقىن!» دېدى.

پىكاپنى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىم يادىمدا يوق، گاچ قىلىپ تورمۇزنى بېسىپتىمەن، پىكاپ چىپپىدە توختىدى، ئۆردەكلەرمۇ ئۇچۇپ كەتتى، پىكاپىمۇ ئاستا - ئاستا سۇغا چۆكۈشكە باشلىدى. خوتۇن - باللىرىم قورقۇپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. پىكاپ كۆلنىڭ ئاستىغا چۆشۈپ توختىدى. ئەينەكتىن قاراپ ئۆزىمىزنى سۇنىڭ ئاستىدا كۆردۇق. پىكاپنى ئوت ئالدۇرسام، ھېچ ئوت ئالمىدى. دېڭىزغا تېپىلىنىڭ ئىچىگە سۇ تولۇپ كەتكەندىكىن ئوت ئالمايدۇ-دە! بالا - چاقىلىرىم تېخىمۇ قورقۇشۇپ، چۇقان سېلىپ يىغلاشتى. شۇ چاغدا كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى: دامكىرات بىلەن كۇلۇچلارنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتىم، پىكاپنىڭ چاقلىرىنى بىر - بىرلەپ چىقىرىپ، ئىچ كامېرلىرىنى چىقىرىۋالدىم-دە، پىكاپنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ناسوس بىلەن يەل بەردىم. تۆتىمىز تۆت كامېرنى بېلىمىزگە سېلىپ كۆلنىڭ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتۇق. قارىساق، كۈن چۈش بولۇپ قاپتۇ. سومكىدىكى نازۇ نېمەتلەر بىلەن قورساقنى بىر قۇر ئەستەرلىۋېلىپ، ئۈزۈشكە باشلىدۇق. كۈن قايرىلغاندا سىمپتوزا تەرەپتىكى قىرغاققا چىقىۋالدۇق.

ئەمما، ھېلىقى پىكاپ سۇنىڭ ئاستىدا قالدى-دە.

## ئۆستەڭدە ماي ئاقتى

بىرى ماختىنىپ بۇ ئېيتىپتۇ:

— ئۆتكەندە مېھمان چاقىرىپ، تىزتۆەتكەن مەزەلىرىمنىڭ كۆپلۈكىدىن داستىخاننىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان مېھمانلار بىر - بىرىنى كۆرەلمەي قالدى.

— شۇنچىلىك ئىشتىنمۇ ماختىنامسەن؟— دەپتۇ ئوسمان بۆرە، — مەن بىر قېتىم مېھمان چاقىرغاندىم، خوتۇن شۇنداق مايلىق پولۇ ئەتتىكى، پولۇنى يېگەن مېھمانلار ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭدە قولىنى يۇيۇۋىدى، ئۆستەڭدە نەچچە كۈنگىچە ماي ئاقتى.

## ئابدۇلكامىلنىڭ قامچىسى



ئابدۇلكامىلنىڭ كۆپىنچە ئاغزىدىن چۈشۈرمەي پەخىرلىنىپ سۆزلەيدىغانلىرى، ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى جەسۇرلۇقلىرى ئىدى، بۈگۈن قىزىقچىمىزنىڭ كەيپى چاغ چېغى، ئەتراپىغا يىغىلىپ قالغان پاراڭخۇمار تۆت-بەشىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تەكشى قاراپ چىقتى-دە، ئۇلارنى ئېغىز ئاچقۇزمايلا:

— قاراڭلار ئۇكىلىرىم، — دەپ گەپ باشلاپ قالدى،— ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلاش بىلەنلا ئورۇش راسا ئەۋجىگە چىقىپ، غۇلجا شەھىرى قايناۋاتقان قازانغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ھەش-پەش دېگۈچىلا گومىنداڭچىلارنى قەپەسكە سولىغان قۇشتەك ھەرەمباغ گازارمىسىغا سولىۋالدى، ئاشۇ قوماچ قورۇغاندەك ئېتىشۋازلىق بولۇۋاتقان كۈنلەردە بىر ھارۋا بېدىنى بېسىپ شەھەرگە كىرىپ قالسام بولدۇ، بېدىنى سېتىپ كېلىۋاتسام سەرەڭگە زاۋۇتىنىڭ ئالدىدىن بىر توپ مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئالدىمغا چىقتى، «نېمە دەيسىلەر؟»دەپ سورىسام، «خاپا بولماي مۇشۇ زەمبىرەكنى ئېتىڭىزغا سۆرىتىپ ئالتۇنلۇقتىكى گۈمبەزگە ئاچىقىپ بەرسىڭىز، ھەرەمباغ گازارمىسىنى توپقا تۇتمىساق بولمىدى، دۈشمەن پوتەيلىرى جەڭچىلىرىمىزنى زادىلا ئىلگىرى باسقۇزمايۋاتىدۇ، نۇرغۇن يىگىتلىرىمىزنىڭ بېشىغا چىقتى، ھەمشىرىمىز

رىزۋانگۈلمۇ قۇربان بولدى» دېمەسما، بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىنىم قايناپ قالدى، «بولدى ئۇقتۇم، بۇ ياققا ئۆتۈڭلار» دېدىم-دە، زەمبىرەكنى بېدە تارتقان ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئاتنى قوشمايلا، مۇرەمگە ئېلىپ سۆرەپ ماڭدىم، بىردەمدە چىلىق - چىلىق تەر ئىچىدە ئۆزۈمنى گۈمبەزلىكتە كۆرۈپتىمەن، جەڭچىلەر ماڭا ئاپىرىن ئېيتىشىپ زەمبىرەكنى ئېلىپ قالدى، مەن هارۋامنى هەيدەپ قىزىلكۆۋرۈككە شۇنداقلا چىقىشىمغا گازارما تەرەپتىكى دۈشمەن پىلموتلىرىنىڭ ئاغزى مەخسۇس ماڭا قارىتىلغاندەك ئوق دېگەننى ياغدۇردەك قۇيۇۋەتتى، زادىلا ئىلگىرى ماڭدۇرار ئەمەس، ئات جانىۋارمۇ تىپچەكلەپ كەتتى، هەي، ئادەمگىمۇ بىر جان، هايۋانغىمۇ بىر جان -دە! ئاتنىڭ يۈگىنىنى تارتىپ توختاتتىم-دە، هارۋىغا ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ، بىر تېۋىلغا ساپلىق قامچام بولىدىغان، شۇنىڭ دەستىسى بىلەن بوراندەك كېلىۋاتقان ئوقلارنى بىرمۇبىر تارىسلىدىتىپ ئۇرۇپ توستۇمكى، يا ئۆزۈمگە، يا ئاتقا بىر پاي ئوق تەگكۈزمىدىم، خۇدايا توۋا، — ئابدۇلكام هاياجانلانغان چاغدىكى ئادىتى بويىچە ئىككى قولى بىلەن ياقىسىنى قامالىدى، — ئادەمنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىپ قالسا بارغۇ ئۇكىلار، خىزىر پەرىشتە يولۇققاندەك باشقىچىلا بىر ئىش بولۇپ كېتىدىكەن.

— ئابدۇلكا، — دېدى شەيتانراق باللاردىن بىرى گەپ قىستۇرغۇسى كېلىپ، — قامچىنىڭ سىپى تېۋىلغا دەۋاتاتتىڭ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ تېۋىلغا ئەمەس، ماگنىتتىن ئاپىرىدە بولغان نەرسە بولسا كېرەك، سەن ئۇنىڭغا راسا زەن سېلىپ قاراپ باقتىڭمۇ؟

— ئۇ دېگىنىڭمۇ دۇرۇس، شۇنداق دېسەكمۇ بولغۇدەكلا كارامەت بىر ئىش بولدى، قانداق دېسەڭ، هەر - قانداق نەرسىنىڭ ئىگىسى قانداق بولسا، ئىشلەتكەن ئات -ئۇلاغ، نەرسە كېرەكلىرىمۇ نەق ئىگىسىدەكلا جۇدۇنلىشىپ كېتىدىكەن، خۇددى مال ئىگىسىنى دورىمسا هارام دېگەندەك، قامچا سىپىغا كەلسەك، — ئابدۇلكام چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — ئۇ تېۋىلغا بۇ ئەتراپنىڭ ئەمەس، مىڭمارالىلىق بىر چارۋىچى ئاغىنەم ئۆز ۋاقتىدا «يېڭى تۇغۇلغان باللارنىڭ بۆشۈكىنىڭ قول تارتمىسىغا ئىشلەتسەڭ، بالىنى قارا باسمايدۇ» دەپ بېرىپ كېتىۋىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىرغاي بىلەن يۇلغۇننىڭ چاڭلىشىشىدىن پەيدا بولغان زاتىغا يېقىن، خىسلىتى چوڭ نەرسە بولسا كېرەك.

— پاھ پاھ!— دېيىشتى باللار تەڭلا، — شۇ دېگىنىمىزدەكلا چىقتى، ئالماس بىلەن ماگنىتقا تەڭ دېگۈدەكلا نەسلى سورتلۇق تېۋىلغىدىن ئىكەن ئەمەسمۇ، قىنى ئاخىرىنى

دېگىنە ئابدۇلكا، قانداق بولدى ئاخىر؟

— نېمە بولاتتى، بىر كەمدە «گۈمبۈر-گۈم!»قىلغان ئاۋاز بىلەن تەك پىلىموتنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ، نەپەستىن قالغاندەك قىلدى، ئۆز-ئۆزۈمگە «ئابدۇل زەمبىرەكنى دۆڭگە ئاچىقىپ بەرگەن ئەجرىڭ بىكار كەتمىدى، خۇداغا شۈكۈرى» دەپزە كېتىۋالماقچى بولدۇم، ئاتنى «دىرت-چۇ!»دېسەم قوزغىلار ئەمەس، «ئاھ، ئاتقا ئوق تېگىپتۇ-دە»دەپ شۇنداق سەپ سالسام، ئوق دېگەن هارۋىنىڭ لەڭگەزىسى بىلەن تەك دېگۈدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ، ئۆزۈڭلار بىلسىلەر، ئوق دېگەن پۈتۈنلەي قوغۇشۇن، بىر دۆۋە قوغۇشۇننى مىدىراتقىلى بولاتتىمۇ؟ تۈيماي قاپتىمەن، بايىقى ئۆزۈم تورىغان ئوقلارنىڭ ئاستىدا كۆمۈلۈپ قاپتۇق ئەمەسمۇ، «ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە، ئاستىدا مانتا يەپتۇ» دېگەندەك ئابدۇل ئاكاڭلار ئوقلارغا بېسىلىپ يېتىۋەرمەيدۇ-دە، بىرلا ئىغناپتىكەنمەن، ھەممە ئوق شارىدە چۈشۈپ كەتتى، ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم، ئاتنى دەرھال هارۋىدىن چىقاردىم-دە، يايداق مىنگەنچە ھۇررا تovۋلاپ، قامچا ئوينىتىپ ئىنقىلابچىلار بىلەن گازارما ئىچىگە كىرىپ كەتكەن گەپ.

— پاھ -پاھ، مانا جەسۇرلۇق دېگەن! قەھرىمانلىق دېگەن مۇنداق بولمامدۇ، — دېدى بىرەيلەن ئۈنلۈك قىلىپ،— باياتىن بېرى قامچا سىپىنىلا ماختاپتۇق، گەپ ئابدۇلكامنىڭ چاققان -چەبدەسلىكىدە ئىكەن ئەمەسمۇ!؟

— شۇ-دە، — دېدى ئابدۇلكام دەرھاللا،— ناۋادا بەش ئاتارلىك بولغان تەقدىردىمۇ ئېتىشنى، ئىشلىتىشنى بىلمىسەڭ ئۇمۇ بىر كۆسەيغۇ!

— ئابدۇلكا، — دەپ سورىدۇق تەڭلا، — ئاشۇ قامچا هازىرمۇ باردۇر-هە؟

— نەدىكىنى، قايسىبىر يىلى ئوۋغا چىقىپ، بىر ياۋا توڭگۇز بىلەن گەزلىشىپ قېلىپ ئۇنداقمۇ ئاتتىم، مۇنداقمۇ ئاتتىم، زادىلا ئوق چاغ كەلمىدى، ئۇ مەلئۇن ھېچ يىقىلار ئەمەس، ھەر ئېھتىمالغا بىلىمگە قىستۇرۇۋالغان ئاشۇ قامچامنىڭ سېپىنى شارتلا كېسىپ قىزىقچىلىقتا مىلتىققا سىلىپ توڭگۇزنى «گۈم»لا قويسام بولدۇ، توڭگۇز جايىغا گۈپپىدىلا يىقىلدى، ئەمما ئاشۇ قامچا ساپتىن ئايرىلىپ قالغىنىم ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئەلەم بولدى، ھەي، ئاشۇ چاغلاردىكى ئىشلار ئېسىمگە چۈشۈپ قالسا ئىختىيارسىز قامچام باردەك قولۇمغا قاراپ كېتىمەن، كاساپەت ئېسىل قامچا ئىدى....

## ئابدۇلكامنىڭ لەيلەپ تۇرۇپ ئوۋ قىلىشى

ئولتۇرۇشتىكى ئويۇننىڭ ئاخىرى چۈشمەيلا سورۇن ئەھلى بوشاشقاندەك بولۇپ ئابدۇلكامغا مەنىلىك قاراشقا باشلىدى، سەزگۈر ئابدۇلكام ئۇلارنىڭ بۇ ئۈنسىز ئىلتىجاسىنى ھېس قىلىپ بولغانىدى:

ــ شۇنداق ئۇكىلار، مېنى بىرنەرسە دېسەڭچۇ دېيىشىۋاتقاندەك قىلىسىلەر، مۇشۇ ئىنىمىزگە قاراپ بىر ئىش يادىمغا كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى ئابدۇلكام سورۇندا ساھىبخانا «يىلان» دەپ تونۇشتۇرغان شادىپاچاق، ئىنچىكە، ئۇزۇن يىگىتكە قاراپ.

ــ قېنى، ئابدۇلكا، يىلان توغرىسىدا گەپ قىلىدىغان ئوخشىمامسەن؟ــ دېدى ساھىپخانا.

ــ شۇنى بىلىۋالغىنىڭنى قارا، بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ ـ دە، ئۇكا، ــ ئابدۇلكام ئويلانغاندەك بىرھازا تۇرۇۋېلىپ، قىزىل دوپپىسىنى كەينىگە ئىتتىرىش بىلەن ھېكايىسىنى باشلىۋەتتى.

ــ ئىككى كۈن جەڭ قىلىپ بىر ئورمانلىققا دۈچ كەلدۇق، بىزدىن ئىككى چاقىرىم نېرىدا تۇرغان قويۇق ئورمانلىقنى ئىزۋوت كوماندىرىمىز دۇربۇن بىلەن كۆزىتىۋېتىپ: «ئابدۇل، سې- نىڭدىن باشقىسى بىكار، بۇ ئىشقا سەنلا يارايسەن، قارا ئاۋۇ جەرەنلەرگە...» دەپ دۇربۇننى بەردى، شۇنداق قارىۋىدىم، ئورماننىڭ ئىچىگە دۈمبىسىدە تۇخۇم تونتغۇدەك سەمرىگەن ئۈچ يوغان جەرەن ئالچاڭلاپ، ئورمانلىققا كىرىپ كېتىۋاتامدۇ، ھە ياخشى بولدى، ئىككى كۈن تا- ماق يېمىگەن جەڭچىلىرىمىزنى راسا بىر تويۇندۇرىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم ـ دە، ئىزۋوت كوماندىرىمىزغا چاس بېرىپ، مىلتىقنى ئالدىم ـ دە، ئورمانلىققا كىرىپ كەتتىم.

ئورمانلىققا كىرىش بىلەنلا ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم، بىرئاز ئىچكىرىلىگەندىن كېيىن، تۇيۇقسىز جەرەنلەرنىڭ ئىزى يوقاپ كەتتى، توختا، بۇ يەردە بىر كارامەت بار، دەپ دىققەت بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىۋاتسام بىر نەرسە دەم تارتقاندەك بولۇپ، پۇتلىرىم يەردىن ئاجراپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتامدۇ، قارا دېگەندەك بولدى، شۇنداق قارىسام، قۇچاق يەتكۈسىز بىر تېرەككە 18 مېترچە ئۇزۇنلۇقتىكى بىر يىلان يۆگىشىۋېلىپ، ماڭا قاراپ دەم تارتىپ كېلى- ۋاتامدۇ، مەنمۇ يىلاننىڭ ئاغزىغا قاراپ ھاۋادىن لەيلەپ ئۆرلەۋاتىمەن، «بولمىدى»، دې- دىم ـ دە، چاقماق تېزلىكىدە مىلتىقنى بەتلەپ ھېلىقى يىلاننىڭ بېشىغا كەلتۈرۈپ بىرنى ئېتى-

ۋىدىم، يۆگىشىۋالغان يىلان ئۆزىنى قويۇۋېتىپ «شالاقىدە» يەرگە چۈشۈپ جان بەردى، يىلاننى يۆگەپ تاغارغا سالدىم-دە، دۈمبەمگە ئارتىپ جەڭچىلەرنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— ھوي ئابدۇلكا، تاغارنى نەدىن تاپتىڭ؟ — دىدى بىرەيلەن ھەيران بولۇپ.

— تازىمۇ بىر ئاتىكارچى بالىسەن-دە، ئابدۇلكاك ھەممە گەپنى سىلەرگە دەپ ئولتۇرامتى، مەن ئۇنى پوتىنىڭ ئورنىدا بېلىمگە باغلىۋالغان، — دېدى ئابدۇلكام بايىقى بالدغا رەددىيە بېرىپ، — شۇنداق قىلىپ مىنى جەرەن ئېتىپ كېلىدۇ دەپ قازانلارنى ئېسىپ تەلمۈرۈپ تۇرغان جەڭچىلەر بۇ دەھشەتلىك يىلاننى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەندەك بولدى، مەن تۆت قاۋۇل جەڭچىگە «سىلەر ئاۋۋال يىلاننىڭ قارنىنى يېرىڭلار» دەپ بۇيرۇق بەردىم، ھېلىقى تۆتى چەبدەسلىك بىلەن يىلاننىڭ قارنىنى يېرىۋىدى، ئۈچ جەرەن ئۇرغاچىسى ئالدىدا، ئەركىكى كەينىدە پۇتلىرىنى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىتىپ ياتامدۇ.

— پاھ، ئابدۇلكا، يوق يەردىن تاغارنى پەيدا قىلغىنىڭنى دېمەيلا تۇرايلى، ئاشۇ يوغان تۆت جاننى قانداقمۇ بىر تاغارغا پاتقۇزغانسەن؟— دېدى بىر بالا ئابدۇلكامنى تېرىكتۈرۈپ.

— بالا- دە، سەن، ئۇ يەرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلىسەن، بىزنىڭ ئاشۇ جەڭچىلەردەك كۆپ ئىشنى سۈرۈشتۈرمەي، ئەكىلىپ بەرگەننى يېيىشنى بىلمەيسەن-دە، شۇڭىمۇ سىلەرگە جىق ھۈنەرلىرىمنى كۆرسەتمىگەن ئابدۇل مەن، — دېدى ئابدۇلكام ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ سوئال قورشاۋىدىن قېچىپ، كۆپچىلىك ئابدۇلكامغا يەنىلا قايىل بولۇپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

## ئىشپىيون تۆگىلەر

— ئۈچ ۋىلايەتنى ئەمدىلا ئازاد قىلىپ تۇراتتۇق، «ۋاي، باندىت چىقىپتۇدەك، باندىت تازىلايمىز» دېگەن گەپ تارقالدى،— دېدى ئابدۇلكام بىر كۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ، — گەپ تارقالدىلا ئەمەس، ئابدۇلكاڭلارمۇ بۇيرۇق بويىچە بۇ ئىشقا قاتنىشىپ قالدى، باشلىقىمىز بىر كۆككۆز ئورۇس بولىدىغان، يەلكىمىزدە ئوق - ياراغ، ئاسمان كۆرۈنمەس قاتمۇقات تاغلار ئىچىدە ئىلگىرىلەۋاتىمىز، بىر كەمدە گەمدىن سىرتقا چىققاندەك لەپپىدىلا تۈزلەڭگە چىقىپ قالدۇق، قارىساق بىر خاماندا ئون نەچچە تۆگە ياتامدۇ، باشلىق قورال -

ياراق، ئوزۇق ـ تۈلۈكنى تۆگىگە ئارتىمىز دېدى، «ماقۇل، ياق»قا قارىماي بۇيرۇقىمۇ چۈشۈردى، پېقىرنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك قىلدى، پىكىر قىلماي تۇرالمىدىم: «ھەي، باشلىق، دىققەت قىلساق بولامدىكىن، بۇ كاساپەتلەر ئىشپىيون تۆگىلەر بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە...» شۇنداق دېيىشىم بىلەن باشلىق قاتتىق كۈلدى ۋە سۆزلەپ كەتتى: «نو ئابدۇل، سەن ساراڭ بولدى، تۆگىمۇ ئىشپىيون بولامدىما؟! نى بولدى ساگان!؟»

بۇ گەپتىن باشلىققا ئەگىشىپ باشقا جەڭچىلەرمۇ بولۇشقا كۈلۈشتى، ھېرىپ-ئېچىپ تۇرغان خەققە باشلىقنىڭ تەكلىپى بۆلەكچىلا يېقىپ كەتكەندى، ئارتۇقلۇق نەرسىلەر بولسا ئارتىشتى، ئامال يوق ئەسكەرچىلىكتە باشلىقنىڭ دېگىنى ھېساب-تە، يولغا چىقتۇق، ھېلىقى بەتبەخت تۆگىلەر بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاچقىلى تۇردى، كاساپەت قارىماققا ئاستا كېتىۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن قەدىمى يوغان بولغاچقىمىكىن بىردەمدىلا بىزدىن يىراقلاپ كەتتى، قوغلىشىڭنى بىل... بىركەمدە تۆگىلەر قاچقان تەرەپتىن ئوق دېگەن بوران سوققان مۆلدۈردەك تاراسلاپ ياغقىلى تۇردى، ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالماي بولمىدى، باشلىقىمىز نېمە قىلىشنى بىلمەي، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپلا قالدى، باشلىققا ياندىشىپ مېنى مەسخىرە قىلغان «غوجام»لارنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك بولۇپ، باشلىرى ساڭگىلاپ كەتتى، باشلىق «ئامال كۆرسەتسەڭچۇ ئابدۇل» دەپ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ يېلىنىشقا باشلىدى، راست بىر ئامالىنى قىلمىسام، پېقىرمۇ تەقدىرداشلىرىم بىلەن يەر چىشلەيدىغان گەپتە. «بولدى باشلىق، غەم قىلماڭ! بۇنى ئۆزۈم توغرىلايمەن» دېدىم-دە، ئاتقا سۆرىتىۋالغان زەمبىرەكنى(ھېلىمۇ تۆگىگە سۆرەتمەپتۇقكەن) دۈشمەننىڭ ئوقى تەرەپكە قاراپ توغرىلاتقۇزدۇم، زەمبىرەكنىڭ ئوقىغا سىمدىن قۇلاق بېكىتتىم، ئۇنى مەھكەم تۇتقىنىمچە شاھزادە ياغاچ ئاتقا مىنگەندەك شاپپىدە مىندىم. «ھە، قېنى ئېتىڭلار!»دېسەم، باشلىق «ئابدۇل، بولمايدۇ» دەپ تىلىنى چاينىغىلى تۇردى، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، بىرئاز قايناپ قالدىم. «ھەي باشلىق! بايا گېپىمگە كىرمەي مانا بۇ ۋەقەگە يولۇقتۇق، ئۆزۈڭ ئامال تاپ دەيسەن، ئامال تاپسام كوتۇلدايسەن، ئەمدى مېنى توسما! سەندىن كەتسە ناھايىتى زەمبىرەكنىڭ بىر تال ئوقىغۇ!؟ مەندىن ئەنسىرىمە، ئاتە زەمبىرەكنى!» دەپ جېنىمنىڭ بارىچە ۋارقىرىدىم، زەمبىرەكچىلەرمۇ ئاران تۇرغانىكەن، «گۇم»لا قويدى، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئاچقانىنى بىلمەن، قارىسام دۈشمەننىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىپتىمەن، شارتلا قىلىپ ئارقىمغا بۇرالدىم-دە، ئوقنىڭ بېشىنى دۈشمەن تەرەپكە توغرىلىدىم، ئاڭغىچە تەلىيىمگە بىر قىستاڭغا كېلىپ قالسام بولىدۇ، ئىككى پۇتۇمنى كېرىپ يانغا

تىرىدىم ـ دە، ئۆزۈم قېپقىلىپ ئوقنى قويۇۋەتتىم، ئېغىرلىقىمدىن قوتۇلغان ئوق خۇددى راكىتادەك غۇيۇلداپ كۆزدىن يوقالدى، بىركەمدە قارىسام، قاتتىق گۈمبۈرلىگەن بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ دۈشمەن تەرەپتىن ئاسمان-پەلەك تۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— دېمەك ئابدۇلكا، دۈشمەنلەرنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىپسەندە، يارايسەن جۇمۇ، — دېدى قۇلاقلىرىنى دىك تۇتۇپ تۇرغانلاردىن بىرى.

— شۇنداق بولمايچۇ، بىراق......

— ھە، نېمە بىراق!— سورىدى سۆھبەتداشلار تەڭلا.

— قارىمامسىلەر ئۇكىلار، — دېدى ئابدۇلكام خاتىرجەم ھالدا، — بايا جىددىيچىلىكتە سەزمەپتىمەن، ئوق دېگەن كاساپەت تېقىمىمدىن ئالقاندەك يەرنىڭ تېرىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەكېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

— ۋاي، نېمىشقا؟!

— نېمىشقا دەۋاتقىنىڭنى، شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ ئېتىلغان ئوق ئوتقا ئوخشاش بولىدۇ ـ دە، مەھكەم قىسىپ ئولتۇرغاندا ئىشتان ـ پىشتان كۆيۈپ بىر قات تېرە ئوققا چاپلىشىپلا كەتكەن گەپ. ئاشۇ جاراھەتنىڭ تاتۇقى ھېلىمۇ بار.

— كۆرۈپ باقمايمىزمۇ ئابدۇلكا، ھەي، بۇنىسى يالغانغۇ دەيمەن، — دېدى كامىل ئەتەي بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ.

— ھەي شۇمتەكلەر، مۇشۇ ساقلىم بىلەن ھەر قايسىڭغا ئۇ يەرنى ئېچىپ كۆرسىتىپ يۈرەمدىم، سەن خەق ئىنزا تارتمىغان بىلەن بارغۇ، مەن ئەلۋەتتە ئۇيىلىمەن ـ دە!

پاراڭ مەستانىلىرى بۇ چۈچۈك گەپلەردىن بولۇشىغا كۈلۈشتى.



## ياشلىقنى ئەسلەش

سەمەت بوۋاي بىلەن مەريەمخان موماي بىر ياز ئاخشىمى ياشلىقنى ئەسلىشىپ قاپتۇ.

— ھەي، ياشلىق چاغلار دېگەن ئەجەب ئىدىغۇ، ئادەمدە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. مەن بىر كۈندە ئىككى ـ ئۈچ مو يەرنىڭ پاختىسىنى تېرىپ بولىدىغان، يەنە ھېچقانداق ھارغىنلىق سەزمەيدىغان، — دەپتۇ مەريەمخان موماي.

— ھەي ئانىسى، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟ ئىككى-ئۈچ مو يەرنىڭ پاختىسىنى ماڭا قويۇپ

بەرسە قولۇمنى ئىشلەتمەي، پۇتۇم بىلەنلا تىرىپ بولاتتىم. مەنچۇ، مەن بىر كۈندە يەتتە-سەككىز مو يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئورۇپ بولاتتىم.

— مەنچۇ، — دەپتۇ مەريەمخان موماي،— بىر كۈندە ئون-ئون بەش تاغار ئوت ئالىدىغان، بىرەر تاغار بۇغدايىنى ھېچكىمگە يۆلەتكۈزمەيلا يۈدۈپ تۈگمەنگە ئېلىپ بارىدىغان.

— بىرەر تاغار بۇغداي دېگەن نېمە ئۇ! مەن دېگەن ھەر يوغان تورپاق كالىنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپلا تۆت-بەش گەز كېلىدىغان تامدىن گويا پاختىنى كۆتۈرگەندەكلا سەكرەپ ئۆتىدىغان.

— بۇ بەك ئېشىپ كەتتى، — دەپتۇ مەريەمخان، — ھېلىقى بىر ئاخشىمى بىر سېۋەتكە توقاچ قاچىلاپ بەرسەم، باغنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ ئۆتەلمەي گۈپپىدە يىقىلغانلىرى يادىڭلىرىدىن چىقىپ قالدىمۇ؟

— ئۇ دېگەن شۇنداق بىر كېلىشمەسلىك، ھېلىقى قارا بويناق قەيەردىندۇر غىپپىدە كېلىپ ئىشتىنىمنىڭ پۇچقىقىدىن چىشلىۋالمىغان بولسا، ئۇنداق سەتچىلىك بولمايتتى، — دەپتۇ سەمەت بوۋاي، — سىلىنىڭ يادىڭلىدىن چىقىپ قالمىغاندۇ، يۇرتىمىزدا ئوغلاق تارتىشىش بولغان ھېلىقى كەچ كۈزنىڭ بىر كۈنىدە ئاتنى چاپتۇرۇپ كېلىپ توپ ئىچىدىن سىلىنى كاپپىدە تۇتۇپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالاي دېگىنىمدە، خان ئاچاڭلار ئېسىلىۋالسا ئۇنىمۇ قوشۇپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقمىدىممۇ؟!

## قوغۇنلۇقتىكى لاپ

ئەينى يىللاردا ئىشلەي دېسەم ئىش يوق، ئۆي سالاي دېسەم خىش يوق، كېچە - كۈندۈز شوئار توۋلاپ، بىر - بىرىمىزنىڭ تېگىنى كولاپ تولىمۇ زېرىكتىم-دە، «ئاللە شەھرىڭنى!» دەپلا بىر كېچىدە راۋابىمنى ئۆشنەمگە تاشلاپ، جاھانكەزدىلىكنى باشلاپ چىقىپ كەتتىم. ماڭا - ماڭا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بىر قوغۇنلۇققا يەتتىم. قارىسام قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ساتما تۇرىدۇ. ساتمىنىڭ يېنىدا ئاپپاق ساقاللىق بىر بوۋاي تۇرىدۇ. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم تاغا، ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟» دېسەم، «ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئۇكام، جاھان كېزىپ يۈردىڭىزمۇ؟» دەيدۇ. «ھەئە تاغا، ئىسيانچىلار ئىنقىلاب دەپ، ئىش قىلغىلى قويمىدى. پىپەن (تەنقىد) بىلەن شوئارغا قورساق ھەرگىز تويمىدى. شۇڭا، يۇرتنى تاشلاپ جاھان كېزىپ چىقىپ كەتتىم. مانا بۈگۈن سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزغا

44

يەتتىم« دېسەم، «ھېچقىسى يوق ئۇكام، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئىشىنىڭكى، ياخشىلار ھامان مەقسەتكە يېتىدۇ، قېنى كېلىڭ، راۋابىڭىزنى بىر ـ ئىككى پەدە چېلىڭ» دېدى. ساتىمغا كىرسەم داستىخاننى ئېچىۋەتتى، قوغۇن ـ تاۋۇز دېگەننى سانىماي پىچىۋەتتى. ئۇسساپ كەتكەچ، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنى قانغۇچە يەپ كەتتىم، راۋابىمنى سازلاپ مۇڭلۇق پەدىلەرگە چەپ (چېلىپ) كەتتىم. چالغانلىرىم بوۋايغا ياراپ كەتتىمۇ، بىر كەمدە ئىسمىمنى سوراپ قالدى، دەپ بەرسەم بىرھازاغىچە قاراپ قالدى. مەن سورىسام، «ئىسمىم ناماقباي، راست تېپىشىپتۇق، بىزگە لايىق مۇشۇ جاي...» دېدى.

پاراڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇقماپتۇق، ساتىمدىنمۇ سىرتقا چىقماپتۇق. بىر چاغدا قارىساق، قوغۇنلۇقتا ئىككى يات كىشى يۈرىدۇ، دۈمبىلىرىدە لىق قوغۇن قاچىلانغان بىردىن تاغار تۇرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ناماقباي ئىككى قولىغا بىشىمدەك ئىككى توك تاۋۇزنى ئېلىپ ساتىمدا تۇرۇپلا ئاتتى. تاۋۇزلار بېرىپ گەدىنىگە تېگىش بىلەن تەڭ ھېلىقى ئىككىسى تاغار ئاستىدا قېلىپ چۈنەككە دۈم ياتتى. قاراپ تۇرساق تېپىرلايدۇ، ھېچ قوپالمايدۇ. مىنۇتلار ئۆتتى، كۆزىمىزدىنمۇ يوقالمايدۇ. مەن بېرىپ، ئۇلارنى تاغارنىڭ ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپ قويسام، تاغارلىرىنى تاشلاپ، گەدىنىنى قاشلاپ، بەدەر قېچىشتى. قايتىپ كېلىپ، ناماقبايغا قايىللىقىمنى بىلدۈردۈم. «ياشانغاندا ئىككى ئادەمنى ئىزىدا تۇرۇپلا دۈم سالغان يەردە، ياشلىقىدا قانچىلىك پالۋان بولغىيتتى؟» دەپ ئويلاپ، ياش چاغلىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكىمۇ كۆندۈردۈم. ناماقباي سۆز باشلىدى ئولتۇرۇپ، مەن ئاڭلىدىم كۆڭلۈمنى زوق ـ ئىلھامغا تولدۇرۇپ.

ـــ ياش ۋاقتىمدا ئۇستا مەرگەن ئوۋچى ئىدىم، يۇرتىمىزدا نامى چىققان نوچى ئىدىم. بىر كۈنى تۇرسام تۆت دورغا كەپتۇ، ئۇقسام ئامبىلى «ئالۋان يىغ» دەپتۇ. «نېمە ئالسەن؟» دېسەم، بىرى: «ئون سەر تەڭگە!» دەيدۇ؛ بىرى: «ئاۋۋال تاماكا سال، مەن دېگەن بەڭگە...» دەيدۇ. ئۈچىنچىسى: «قورساق ئاچتى، قازان ئاسسۇن يەڭگە!» دەيدۇ. تۆتىنچىسى نومۇس قىلماي: «كەچتە چوكان تېپىپ باشلاپ بارغىن دەڭگە...» دەيدۇ. غەزىپىم شۇنداق ئۆرلىدىكى، چىشلىرىم كاسىلداپ كەتتى، مۇشت تۈگۈۋىدىم، بارماقلىرىم قاراسلاپ كەتتى. لېكىن، كەمتەرلىكنى ئەلا بىلىپ، چىشىمنى چىشلەپ تەخىر قىلىپ، شۇنداق دېدىم: «ھەي دورغا ئاكىلار، ئۆزىنى بىلمەيدىغان قېرى تاكىلار! تەڭگە دېگەننى باللىرىم تەپكۈچ قىلىپ تېپىپ يۈرۈپتۇ. چېكەي دېسەڭلار چىلىم ئەنە ئوچاق بېشىدا تۇرۇپتۇ. ئاش دېسەڭلار ئېتىپ بەرسۇن، تۇزكورلارنى خۇدا ئۇرسۇن. بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىززەتلىكلارنى ساتماڭلار، دەڭگە كىرىپ ھايۋان بولۇپ ياتماڭلار!»

بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، دورغىلار كۆرەڭلەپ، ئۆزلىرىنى داڭلاپ، ھەيۋە بىلەن ماڭا ئې-
تىلدى، لېكىن ئىتتىرىۋەتسەم، تۆتىلىسى ئوڭدىسىغا يىقىلدى. ئۆز ھالىدىن ئىزا تارتتىمۇ
ياكى يىقىلغاندا ئاستىغا بىرنەرسە پاتتىمۇ، ئىشقىلىپ چىچاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇشتى، يالـ-
ڭاچلانغان قىلىچلىرىنى ماڭا چەنلەپ ئۇرۇشتى. چەبدەسلىك بىلەن دەرھال ئۆزۈمنى يانغا
ئالدىم ۋە قىلىچلارنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئىككى مۇشتۇمدا ئىككىسىنى بىردىن سالدىم.
قارىسام ئىككى قولۇم ئىككىسىنىڭ دۈمبىسىنى تېشىپ چىقىپتۇ. دېمەك، ئىككى دورغا ئىككى
قولۇمغا سېلىنغان ئىككى بىلەيزۈك بوپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، قالغان ئىككىسى قېچىۋاتىدۇ، با-
يا ئۆزى تاقىغان ئىشكىنى ئەمدى ئۆزى ئېچىۋاتىدۇ. بولار ئىش بولدى دەپ يەنە بىرىگە
بىر كاللا قويدۇم، كاللا قويدۇمۇ، شۇھامان تويدۇم. چۈنكى، ئۇنىڭمۇ جېنى سېسىپ قال-
غانمۇ ياكى قوۋۇرغىلىرى يالغانمۇ، كاللا قويۇشۇم بىلەن تەڭ بوينۇمغا قاسقاندەك كىيىلىپ
قالدى، ئۈچەي - قېرىنلىرى چۇۋۇلغاچ بەتبۇي پۇراق ئۆيىنى بىر ئالدى. تۆتىنچىسى مىڭ
تەسلىكتە ئىشكنى ئاچتى، ئۆلەر - تىرىلىشىغا قارىماي بەدەر قاچتى. قوغلاي دېسەم
«قاسقان» بىلەن «بىلەيزۈك»لەر پۇتلىشىپ ئىشكتىن ھېچ چىقالماي قالدىم، بىرھازاغىچە
ھەپىلىشىپ، ئۇلارنى قول ۋە بوينۇمدىن ئاران ئالدىم.

ئەتىسى تۇرسام ئوتتۇز ئاتلىق چېرىك كەپتۇ، ئۇقۇپ باقسام، ئامبال: «دەرھال تۇتۇپ
كېلىڭلار!» دەپتۇ. قارىسام ئوتتۇزى قاتار بولۇۋاپتۇ، ئىشك ئالدىغا كېلىپ دېۋەيلەپ تو-
رۇۋاپتۇ. جاجىسىنى بىر بېرەي دېدىم -يۇ، بىراق ئوتتۇز جاننى قىرىشقا ئىچىم ئاغرىدى.
ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ بەرسەم، قوللىرىمنى باغلىدى. ماڭار چاغدا خوتۇنىغا دەپ چىلىم بى-
لەن تاماكامنى ئېلىۋالدىم، قولۇم بىكار بولمىغاچقا قوينۇمغىلا سېلىۋالدىم. يامۇلغا بارسام
بىر تۈرمىگە سولىۋەتتى. ئاچچىقىمدا قوينۇمدىن چىلىمنى ئېلىپ، تاماكىنىڭ تازا ئوبدىنىدىن
سېلىپ، راسا بىر چەكسەم، دەھشەت خورۇلداپ كەتتى، ئېھتىمالكى، ئۇنىڭ ساداسى ئامبال-
نىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. بىرنەچچە نەپەس چېكىۋېتىپ قارىسام، خۇمارىمغا قانماپتىمەن، با-
يىقى ئاچچىقىمدىن تولدۇرۇپ، جىقمۇ ئەمەس، چوڭىدىن نوقۇتچىلىك قوندۇرۇپ، ئەمدى
ئوت ياقاي دەۋاتسام، «ۋاي ئامبال كەلدى!» دەپ خەۋەر بېرىشتى. قارىسام يوغان
باش، كۆتمەك قاش، پىستە كۆز، ياغاق يۈز، ئۆردەك بۇرۇن، بۇقا بويۇن، سالپاڭ
قۇلاق، سامان قورساق، دورداي كالپۇك بىر مەخلۇق ئالاقزادىلىك بىلەن شاپاشلاپ كېلى-
ۋاتىدۇ. كەلسە كېلىۋەرمەمدۇ دەپ، تاماكامنى چېكىۋەردىم، تۈتۈنلەرنى ئاسمانغا پۈركۈ-
ۋەردىم. بۇنى كۆرۈپ ئامبال ئالدىمغا كېلىپ تىزلاندى، شەرەت قىلىۋىدى، تۇڭچىسى ئې-
غىزلاندى. ئۇقسام، چىلىمىمنىڭ خورۇلدىشىنى ئۇ گۈلدۈرماما دەپ قاپتۇ، مېنى ئۇقماي

تۇتۇپ كەلگىنىگە مىڭ پۇشايمان يەپ قاپتۇ. چۈنكى، ئەگەر يەنە غەزەپلىنىپ ھاۋانى گۈلدۈرلىتىۋەتسەم، ئۇلارنىڭ يامۇللىرى ئۆرۈلۈپ كېتەرمىش، ھەتتا ئەزىز جانلىرىغا خەتەر يېتەرمىش. شۇڭا، ئامبال گۇناھنى تىلەيدىكەن، مېنىڭ مۇنداق كارامەت ئىگىسى ئىكەنلىكىمنى راستتىن بىلمەيدىكەن...

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم، قورساقنى كەڭ تۇتۇپ، ئامبالنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم. ئامبالمۇ خۇشال بولۇپ، نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن مېنى ئۇزىتىپ قويدى، بۇنى ئۇقۇپ يۇرت ئەھلىمۇ ماڭا ئاتاپ قويلار سويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ يۇرتتا نامىم پۇر كەتتى، شۇنداق ياشاپ يېشىممۇ بىر يەرگە يەتتى.

ناماقباي ياش چاغلىرىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتتى، ئاشۇ چاغ يادىمغا بىر سوئال يەتتى. «ھېلىقى ھاۋا گۈلدۈرلىتىدىغان چىلىمىڭىز ھازىرمۇ بارمۇ؟» دەپ سورىسام، قويىنىدىن چىرايلىق بىر ناسۋال قاپىقىنى ئېلىپ ئاغزىغا ناس تاشلىدى، ئارقىدىنلا سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ سۆز باشلىدى:

— ئۇ چىلىمغۇ ئۆيدە بار، ھېچ يەرگە كەتمىدى. لېكىن ئەمدى ئۇنى شوراشقا دېمىم يەتمىدى. شۇڭا، چىلىم چېكىشنى تاشلىدىم، نەچچە يىل بولدى ئەمدى ناسۋال چېكىشنى باشلىدىم. ئاڭلىسىڭىز ناسۋالنىڭ كارامىتى ئۇنىڭدىن بوپتۇ قىزىق، سۆزلەپ بېرەي ئۇ گەپتىنمۇ بىر تىزىق: بىر ئوغلۇم بار، ئۇنىڭ ئېتىنى «ھەسنەك» دەيتتى، بىر كۈنلەردە «داجەيدىن ئۆگىنىمىز» دەپ ھاشارغا كەتتى. ئاردىن ھەپتە ئۆتمەي خەت كەپتۇ، ئوقۇتۇپ باقسام، باشقا گەپ يوق، «نان» دەپتۇ. دەرھال بىر تونۇر نان ياقتۇرۇپ ئەۋەتسەم، ھەپتە ئۆتۈپ يەنە خەت كەپتۇ، يەنە باشقا گەپ يوق، «ئاتا - ئانا، ماڭا نان!» دەپتۇ. ئاچچىقىم كېلىپ نېمە سىر - ئەسرار بار، ئۆزۈم بىر بېرىپ كۆرۈپ كېلەي دەپ، بىر تاغار نان ياقتۇرۇپ ئېشىكىمگە ئارتىپ، تۆشنى مەھكەم تارتىپ، ئۆزۈم يول ئالدىم. لېكىن، دەرياغا كەلكۈن كېلىپ قالغاچقا، ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدىم. بېشىم قېتىپ گەدىنىمنى قاشلىدىم، جىلە بولۇپ ئاغزىمغا ناسۋال تاشلىدىم. چېكىپ بولغىنىمنى تۈكۈرۈپ تۇردۇم، ھېرىپ كېتىپ ئىزىمغىلا چازا قۇردۇم. شۇ ھالەتتە ناسۋال چېكىپ، دەريا سۈيىگە كۆز تىكىپ ئولتۇرسام، بىركەمدە ئالدىمدىلا بىر لەھەڭنىڭ بېشى كۆرۈندى. مەن چېكىپ بولۇپ تۈكۈرگەن ناسۋاللارنى يەپ، ئۇ لەھەڭ بەكمۇ سۆيۈندى. بۇنى كۆرۈپ يەنە تاشلاپ بېرىپ ناسۋىلىمنى تۈگەتتىم، لېكىن شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر لەھەڭنى ئۆزۈمگە ئۆگەتتىم. شەرەت بىلەن گەپ قىلىپ باقسام، مەقسىتىمنى ئۇققاندەك قىلدى، پەممىچە ھېچبولمىغاندا دەريادىن ئۆتمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلدى. قاراپ تۇرسام بىر چاغدا بېشىنى سۇدىن

چىقىرىپ، ئاغزىنى يوغان بىر ئېچىۋىدى، ئېشەك ۋە ھېلىقى بىر تاغار نان بىلەن ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچە ئاجايىپ بىر يەرگە يەتتىم. ئاجايىپ بىر يەر دېگىنىم شۇنداق يەر ئىكەنكى، ئەيىۇھەنناس، بۇ جاھاندا ھېچقانداق بىر يەر ئۇنىڭدەك بولماس! ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. سۇمىكىن دېسەم قويۇق، ئۇماچمىكىن دېسەم سۇيۇق، ئاجايىپ ئاچچىق، قاڭسىق پۇراقلىق بىر خىل سۇيۇقلۇق ئادەمنى پەقەت تىنغىلى قويمايدۇ. دەسسەپ تۇرغان يەر بىلەن تۆت تامنى تۇتۇپ كۆرسەم، قولۇمغا خۇددى تىكەندەك يىرىك تىۋىت ئۇرۇندى، بۇنىڭ لاھەڭنىڭ قېرىنى ئىكەنلىكىنى بىلدىم-دە، بۇنىڭدىن تېنىم قورۇندى. دەل شۇ چاغدا بوران چىققاندەك تۇيۇلدى، بىلمەي قالدىم، بەدەنلىرىم يۇيۇلدى. ئارقىدىنلا نامەلۇم بىر كۈچ يورۇق ھاۋاغا ئېتىپ چىقاردى، كۆزۈمنى ئاچسام ئەمەلىيەت ماڭا شۇنى ئۇقتۇردى: دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى چاغدا لاھەڭ مېنى دەم تارتىپ، بۇ قېتىغا كېلىپ سىرتقا پۈركۈپتۇ، دۆت ئېشىكىم بۇنى بىلمەي لاھەڭدىن ئۈركۈپتۇ. ئېشىكىمنى تەستە تۇتۇپ يولۇمنى داۋام قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ناسۋالنىڭ كارامىتى ھەققىدىكى سۆزۈمنىمۇ تامام قىلدىم.

ناماقباينىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قىزىقىپ قالدىم، يېزىۋالاي دەپ قولۇمغا قەلەممۇ ئالدىم. بۇنى كۆرۈپ ناماقباي مۇنداق دېدى:

— سۆزلىرىمنىڭ ئالدىدا بايىقىسى نېمىدى؟ سۆزلەي دېسەم، تېخىمۇ قىزىق گەپلىرىم بار، تۆكەي دېسەم پاتمان- پاتمان دەردلىرىم بار. بوپتۇ ئۇكام، دەردىمنى قويۇپ، قىزىق - قىزىق گېپىمنى سۆزلەي، سىزنى ناخۇش قىلىشنى ئەمەس، بەلكى كۈلدۈرۈشنى كۆزلەي، ئەمسە دىققەت بىلەن ئاڭلاڭ! سۆزۈمنى باشلايمەن، ئەيىب كۆرمەڭ، ئادىتىم شۇنداق، ئاغزىمغا پات - پات ناسۋال تاشلايمەن. شۇنداق قىلىپ ناسۋالنىڭ كارامىتى بىلەن دەريادىن ئۆتۈپ سوقچاق ئامبارغا باردىم، ھەسىنەك نەدىدۇر، دەپ ئەتراپقا قارىدىم. قارىسام ھېچ يەردە كۆرۈنمەيدۇ. بىر ھاشارچىدىن سورىسام: «ئاۋۇ دامبىنىڭ كەينىگە قوزۇق قۇيغىلى كەتتى» دەيدۇ. ئېشىكىمنى ھەيدەپ دامبا كەينىگە ئۆتتۈم، مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالار دەپ بىر دۆڭگە چىقىپ كۈتتۈم. پەسكە قارىسام، ئۇچى زىلۋا، تۈۋى كەڭ، ئېگىزلىكى دامبا بىلەن تەڭ ھەر يوغان قوزۇقلار قاتار - قاتار تۇرىدۇ. ئەگەر دۆڭ توسۇۋالمىغان بولسا، ئۇنى ئادەم خېلى يىراقتىنمۇ كۆرىدۇ. مۇبادا ئۇنىڭ ھەربىر تېلىغا كوپىراتسىيەنىڭ بايتىلىدىن قىرىقنى باغلاپ قويسىمۇ يۇلالمايدۇ، لاپ گەپ ئەمەس، مۇنداق قوزۇقنى ئادەتتىكى يەردە قۇيالمايدۇ. ھەيران بولۇپ تۇرسام، يېنىمدىن بىر ھاشارچى ئۆتۈپ قالدى، سالام قىلسام سالىمىمنى ئىلىك ئالدى. سالامدىن كېيىن ئۇنىڭدىن:

«ئۇكام، بۇ قوزۇقلارنى شاڭخەيدىن مەخسۇس زاكاز قىلىپ ئەكەلدۈرگەنمۇ؟» دەپ سورسام، كۈلۈپ كەتتى، كۈلۈپ بولۇپ گەپنىڭ راستىنى دەۋەتتى. ئۇقسام ئەسلىدە ئۇ قوزۇق ئەمەس، ئوغلۇم ھەسەنەك يېگەن ناننىڭ كۇنجۇرىسى ئىكەن..

بۇنى ئۇقۇپ ھاشارچىلارنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتتىم. لېكىن شۇنداقتىمۇ تاغاردىكى ناندىن ھەممەيلەنگە غىزا تارتتىم. غىزادىن كېيىن ھەسەنەككە رۇخسەت ئېلىپ ئۆيگە قاراپ يول ئالدۇق، يولدا بىر كوڭكىا ئۇچرىۋىدى، ئۆزىمىز ئىچىگە چىقىپ، باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كوزۇپقا سېلىۋالدۇق.

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ناماقباي بىر توختىدى، مەن دېدىمكى: «سۆزلەۋېرىڭ، گەپلەر بەكمۇ ئوخشىدى.»

ئۇ ئاغزىغا ناسۋالدىن يەنە بىر چېكىم تاشلىدى، ناسۋال قاپىقىنى قوينىغا سېلىپلا سۆزىنىڭ داۋامىنى باشلىدى:

— كوڭكىا، كوڭكىا دېسە بىر چىقىپ باقسام دەپتىكەنمەن، چىقىپ بىلدىمكى، ئېگىز - پەستە چېچاڭلايدىكەن، سۇغا كىرسە چوڭقۇر - دۆڭنى ئۇقالمايدىكەن. شۇڭا، نەچچە يەرگە پېتىپ كەتتى، چىقرالماي شوپۇرنىڭمۇ بېشى قېتىپ كەتتى. چاق ئاستىنى كولاپ يۈرۈپ ئاخىر چىقاردۇق. ئۇسساپ كەتسە بۇرنىغا سۇ قۇيۇپ سۇغاردۇق. شوپۇر يامان نېمىكەن، ھەممە ئادەم تاماكا چېكىپ تۈتۈننى بۇرنىدىن چىقارسا، ئۇ كوڭكىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىرىپ كېتىۋېرىدىكەن، كوڭكىسى پېتىپ قالمىسىلا نى - نى مەنزىلگە بىردەمدە يېتىۋېرىدىكەن. شۇنداق قىلىپ كېتىپ باراتتۇق، تۇيۇقسىز كوڭكىا توختاپ قالدى، شوپۇر چۈشۈپ كۆزئەينكنى قولىغا ئالدى. قاراپ تۇرسام يول بويىدىكى بىر زەي كۆلنىڭ بېشىغا بېرىپ زوڭ ئولتۇردى. ئېھتىمالكى، كاللىسىنى سوئال بىلەن تولدۇردى. يېنىغا بارسام: «ھەي يۇرتداش، ماۋۇ كۆلنىڭ تېگىدە قانچە دېۋىزىيە ئەسكەر بار؟» دەيدۇ، «ئەسكەر يوق» دېسەك، زادى ئىشەنمەيدۇ. بىردەم تۇرۇپ: «ئەسكەر بولمىسا قانچە مەكتەپ بار؟» دەپ سورايدۇ، بىر تەرەپتىن سوراپ، بىر تەرەپتىن كۆلگە بويۇنداپ قارايدۇ. بىز: «بۇ سۇ ئاستىدا ئادەم ياشيالمايدۇ، شۇڭا بۇ يەرگە ھېچكىم مەكتەپ سالمايدۇ» دېسەك، «ئەمىسە ئاڭلاپ بېقىڭلار، پۇشتەك ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ، جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار، ئۇنى كىم چېلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ھەسەنەك بىلەن كۈلۈشۈپ كېتىپ، «ئاڭلانغىنى پۇشتەك ئەمەس، پاقىلارنىڭ ئاۋازى» دېسەك تۇرۇپ كەتتى. بىركەم بولغاندا ئەقلىگە مۇنداق بىر پىكىر يەتتى: «ئۇنداق بولسا بۇ پاقىلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى مۇشتۇمدەك بار، ئىگىسى خۇدا» دېسەك، ئۇ: «ھە،

شۇنداقمۇ» دەپ قويۇپ، كۆل بويىدىكى بىر يۇلغۇنلۇققا تەرەت سۇندۇرغىلى كىرىپ كەتتى. ئۇنى «ئەمدى قاچان چىقار؟» دەپ، بېشىمىز قاتتى. دېگەندەك، ئارىدىن بىرەر - يېرىم سائەتمۇ ئۆتتى، سەۋر تاقىتىمىزمۇ پۈتتى. لېكىن شوپۇر ھېچ چىقمايدۇ. ئىزدەپ باقايلى دېسەك، يۇلغۇنلۇقنىڭ چوڭلۇقىدىن ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. يەنە بىرئاز ساقلاپ باقتۇق، ئامال بولماي كوككىغا چىقتۇق. ھەسەنەكتىن: «ھەيدىيەلەمسەن؟» دەپ سورىسام، «ھەئە» دەيدۇ. «ئەمسە ھەيدە!» دېسەم، «ھەي!» دەپ قويۇپ قاراپ تۇردۇ. «ھەي ئەخمەق، مەن سېنىڭ ئاغزىڭدا مۇنداق ھەي! دەپ قويۇشۇڭنى دېمىدىم، ماۋۇ كوككىنى ماڭغۇزالامسەن دەپ سورىدىم!» دېسەم، «بايا مېڭىۋاتقاندا كۆرۈۋالغان، مەنمۇ شۇنداق قىلىپ باقاي» دەپ بىر مونەككە دەسسەپتى، كوككا چىرقىراپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ قۇلاق - مېڭەم سىرقىراپ كەتتى؛ ئۈستىدە يۇمىلاق تۇتقۇچى بار بىر دوناي تۆمۈرنى بىر يانغا قايرىۋىدى، كوككا ئېتىلغان ئوقتەك چىپىپ كەتتى، بىر سىلكىنىش بىلەن تەڭ بېشىم تورۇسقا قاتتىق تېگىپ كەتتى. بېشىم شۇنداق ئاغرىدىكى، شۇ ھامان كۆزۈمدىن چاقماق چىقىپ، بۇرنۇمدىن لامپۇچكا يېقىلىپ، ئاغزىمدىن شالا ئېقىپ، قۇلاقلىرىمدىن ھەسەن - ھۈسەن، كۆزلىرىمدىن مول ھوسۇل ئالدىم، كوككىنىڭ مۇنداق كارامىتى بارلىقىغا ھەيران قالدىم. كۆزۈمنى ئاچسام، كوككا ئاتتەك تېز كېتىۋاتىدۇ، ھەسەنەك قورقۇپ ئىزىدا تۈگۈلۈپ يېتىۋاتىدۇ. ھاي دەپ بولغۇچە كوككا بېرىپ يول بويىدىكى تېرەكلەرگە سوقۇلدى، تاراڭ - تۇرۇڭ قىلىپلا ئەينەكلەرمۇ چېقىلدى. ئەينەكنىڭ چېقىلىشى بىلەن تەڭ مەنمۇ بىردىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتىم، شۇ ئۇچقانچە ئۇچا - ئۇچا بىر يەرگە يەتتىم. كۆزۈمنى ئاچسام مەھەللەمگە كېلىپ قاپتىمەن، ھەيران بولۇپ، «بۇ نېمە ئىش؟» دەپ قاپتىمەن. ئولتۇرۇپ بىرھازا ئويلاپ كەتتىم، ئىشلارنىڭ تەكتىگە ئاندىن يەتتىم، شوپۇر بىلەن ھەسەنەك ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈشكە تەشكىلگە دەرھال بالا ئەۋەتتىم. كېيىن ئۇقسام ھەسەنەك ئېغىر يارىلىنىپتۇ، «شوپۇرغا قەست قىلىپ كوككىنى ئېلىپ قاچقان» دەپ قارىلىنىپتۇ. ئۇنى ئاقارتىپ بولغۇچە نەچچە يىل ئۆتتى، ئاشۇ نەچچە يىل داۋامىدا ماڭا تېخىمۇ قىيىنلىق يەتتى. قىيىنغاندا مانا ئەمدى قوغۇن بېقىپ كۈننى ئۆتكۈزدۈم، ئەمدى بولا، سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بىر يەرگە يەتكۈزدۈم.

ناماقبايىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى قالدۇرماي يېزىۋالدىم، گويا چەكسىز دېڭىزدىن بىر تال گۆھەر قېزىۋالدىم، جامائەتنى بىلسۇن دەپ مەنمۇ قايتا سۆزلىدىم، خۇشاللىقىنىڭ ناخۇشلۇقنى يېڭىشىنى كۆزلىدىم ...

## توغرا مۆلچەرلەش

ھەرەمباغدا سوقۇش بولۇۋاتاتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە گومىنداڭنىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ پىلىموتتىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. بۇ كاساپەت ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرۈپ بىزنى باش كۆتۈرگۈزمىدى. كوماندىرىم: «ھە، ئازنىباقى، بۇ كاساپەتكە بىر ئامال قىلساڭچۇ!» دېدى. شۇ چاغدا بۇ ئايروپىلان 2 ـ قېتىم ئايلىنىپ، يۈز مېتىر يىراققا شۇڭغۇپ كېلىۋاتاتتى. مەن بىلىمدىن بىر گىراناتنى ئېلىپلا مۆلچەرلەپ تۇرۇپ ئاسمانغا ئاتتىم. گىرانات ئايروپىلاندىنمۇ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاندىن پەسلىدى . . .

— تەگكۈزەلمەيسەن ـ دە!— دېدى ئابدۇباقى.

— نېمىشقا تەگكۈزەلمەيدىكەن! گىرانات دەل ئۇچقۇچىنىڭ كابىنكىسىگە چۈشۈپ پارتلىدى، دېگىنە!

— ماڭە، پوچى! ئۇچقۇچىنىڭ كابىنكىسى ھەم يېپىقلىق تۇرسا، گىرانات ئۇنىڭ ئىچىگە قانداق چۈشىدۇ؟

— ئۇچقۇچىنىڭ شۇ چاغدا چەككەن تاماكىسىنى تاشلىۋېتىش ئۈچۈن ئەينەكنى ئاچقانىدى.

— يالغان سۆزلىمە! ئايروپىلان ئىچىدە تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

— ھەي ئەخمەق، ئۇنىڭ تاماكا چەككىنىنى مەندىن باشقا كىم كۆرەتتى!



## بوراننىڭ كۈچى

مەن بالا ۋاقتىمدىمۇ ناھايىتى چاققان ۋە زېرەك ئىدىم. بىر كۈنى كالىغا سامان ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تاغارنى ئېلىپ خامانغا كېتىپ بارسام، تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، بوران مېنى خۇددى بىر پارچە قەغەزنى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. قارىسام، مەسۇمبايىنىڭ بېغىنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قاپتىمەن. شۇ چاغدا كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى. مەن بوراننىڭ كۈچى بىلەن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، نەشپۈت، قوتۇر ئامۇتلارنى تاللاپ ئۈزۈپ تاغارغا سالدىم. ئالتە ـ يەتتە باغنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندە تاغىرىم يېرىملاشتى.

ئەمدى بولار، دېدىم. جېنىم كىچىك، كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىمنى ئويلىدىم-دە، بەلبېغىم بىلەن تاغارنىڭ ئاغزىنى بوغدۇم. بوران تەلىيىمگە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، مېنى بىزنىڭ مەھەللىگە ئۇچۇرۇپ كەتتى. شۇ چاغدا دادام ئات هارۋىسىنى هەيدەپ كېتىۋاتقانىكەن. مەن پەسلەپ چۈشۈپلا هارۋىغا ئولتۇرۇۋالدىم. تاغاردىن بىر نەشپۈتنى ئېلىپ:

— نەشپۈت يەڭ، دادا!— دەپ بەردىم.

— هوي، مەن سېنى سامانغا ئەۋەتسەم، نەشپۈت ئەكەپسەنغۇ!

— هەيران بولماڭ، دادا. بوراننىڭ كۈچى!— دېدىم مەن.

## ئۆردەك ئېتىش

باشقا ئوۋچىلار پىترە مىلتىقلىرى بىلەن ئوۋ قىلىشسا، مەن كۆپرەك بەش ئاتار بىلەن ئوۋ قىلاتتىم. بىر يىلى كۈزدە ئون نەچچە ئاغىنەم بىلەن ئۆردەك ئاتقىلى چىقتۇق. سازلىققا يېقىنلاپ بېرىشىمىزغا قومۇشلۇق ئىچىدىن بىر توپ ئۆردەك پۇررىدە ئۇچۇپ چىقتى.

— هېكىم، ئاتە!— دېدىم مەن.

ئۇنىڭ قوش ئېغىز مىلتىقىدىن ئىككى پاي ئوق ئۈزۈلدى. ئەمما بار - يوقى بىر ئۆردەك يەرگە چۈشتى. قارىسام، ئۆردەكلەر يىراقلاپ كېتىشتى. ئەللىكتىن ئارتۇق بىر توپ ئۆردەكتىن ئاران بىرى چۈشكىنىگە ھەممىمىز ئەپسۇسلىنىپ قالدۇق.

«خەپ، ئۆردەكلەر!» دېدىم مەن. كۆپ ئۆتمەي، هېلىقى بىر توپ ئۆردەك بۇلۇت بىلەن تەڭ ئۇچۇپ ئايلىنىپ كەلدى. مەن ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئۇچۇپ كېلىۋاتقان بىر ئۆردەكنى قارىغا ئېلىپ ئاتتىم. «تاڭ» قىلغان ئاۋازدىن كېيىن هېلىقى ئۆردەك پوكلا قىلىپ يەرگە چۈشتى. يەنە «تاڭ - تاڭ» قىلىپ ئىككى پاي ئېتىۋىدىم، «پوك - پوك» قىلىپ ئىككىسى چۈشتى. «تاڭ - تاڭ - تاڭ- تاڭ» قىلىپ كەينى - كەينىدىن ئاتسام، «پوك - پوك - پوك - پوك» قىلىپ تۆتى چۈشتى. ھەش - پەش دېگۈچە هېلىقى بىر توپ ئۆردەكنى تاغارلارغا قاچىلاپ قايتىپ كەلگەندۇق.

## داۋۇت لاپچى بىلەن ئاۋۇت لاپچى

بىر يېزىدا داۋۇت لاپچى بىلەن ئاۋۇت لاپچى دەيدىغان ئىككى ئادەم بار ئىكەن. ئۇلار بىر يەردە بولۇپ قالسىلا توختىماي لاپ ئېتىشىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ-دە، لاپ ئېتىشىشقا باشلاپتۇ. داۋۇت لاپچى دەپتۇ:

—بۇ يىل يېزىنىڭ ئايىغىدىكى تاشلىنىپ قالغان 10 مو يەرنى كۆتۈرە ئېلىپ قوغۇن تېرىدىم دەڭلا، قوغۇنلىرىم شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، ئەييۇھەنناس! بۇنى سىلىگە قانداق تەرىپلەپ بېرىشنىمۇ بىلمەيۋاتىمەن.

خەۋىرىڭلار بار، قوغۇنلۇق بىلەن بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارىلىقى 10 چاقىرىم كەلمىگەندىمۇ چوقۇم 8 چاقىرىم كېلىدۇ. قوغۇننىڭ باش بۇرنى پىشىۋاتقان چاغلار ئىدى. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە نېمىدۇ بىر نېمىنىڭ «پاڭ - پاڭ!» قىلغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ھە دېگەندە نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى، بۇ ئاۋازلارنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىچىم پۇشتى. كۈندۈزى مەھەللىدىكى ئەل - جامائەتتىن سورىسام، ئۇلار: بىزمۇ ئاڭلاۋاتىمىز، بىر يەردە ھەربىيلەر زەمبىرەك ئېتىشنى مەشق قىلىۋاتامدۇ نېمە؟ دېيىشتى. زەمبىرەكنىڭ ئاۋازى بۇنداق قاتتىق بولامدۇ، دەپ ئانچە ئىشەنمىدىم. ئۇزاق ئۆتمەي سىر ئاشكارا بولدى دەڭلا.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە يەنە شۇ «پاڭ - پاڭ!» ئاۋازلار كۈندىكىدىنمۇ قاتتىق ئاڭلانغىلى تۇردى. بۇ نېمە ئىشتۇ؟ دەپ كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئىشلار كەلدى. پىشايۋان ئاستىدا ياتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسە «پوككىدە» قىلىپ ھويلىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا چۈشمەسمۇ! بېشىمنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ شۇنداق قارىسام، تازا يوغان تەكىيدەك بار بىر قوغۇن بەش پارچە بولۇپ يېتىپتۇ. دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوغۇننىڭ كىچىكرەك بىر پارچىسىنى قولۇمغا ئالدىم-دە، شاپىقىغا قاراپلا تونۇدۇم. بۇ دەل مەن تېرىغان ئېتىزلىقنىڭ قوغۇنى ئىكەن. نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئاۋازلار باشقا نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ ئېتىزدىكى قوغۇنلارنىڭ يېرىلغىنىكەن دەڭلا! بۇ كاساپەتلەر ئېتىزدا يېرىلغانىنى ئاز دەپ پىلىكنى ئۈزۈپ ھويلامغا چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ!

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— توغرا. بىر يىلىنىسى ئاشۇ سىلى قوغۇن تېرىغان يەرگە مەنمۇ بەسەي تېرىغانتىم دې-

مەمسىلەر. توۋا دەيمەن، بەسەيمۇ شۇنداق ئوخشايدىكىنە! ھەربىر تۇپى بىر ئادەمدەك بولۇپ كەتتى دەڭلا. ئۇنىڭ شۇڭلىرى ئىچ ـ ئىچىدىن تۇرۇلۇپ چىقىۋەرگەندىن كېيىن بىر تۇپ بەسەي بىر پاتمان يەرگە پاتمىغلى تۇردى. ئەمدى بۇنى قانداق قىلارمەن دەپ ئويلاپ ھەممىسىنىڭ بىلىدىن باغلاپ قوياي دېگەن يەرگە كەلدىم ـ دە، بازارغا بىرىپ، بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ تازا پىششىق ئېشىلگەن ئارغامچىدىن سېتىۋالدىم. ئارغامچا بولغاندىمۇ تازا قىل ئارغامچىلاردىن دەڭلا. ئارغامچىلارنى بىر غۇلاچ ـ بىر غۇلاچتىن كېسىپ، ئېتىزدىكى ھەربىر تۇپ بەسەينىڭ بىلىدىن مەھكەم باغلاپ قويدۇم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەنمۇ ئۆيدە يېتىپ خۇددى سىلى ئاڭلىغاندەك «پاس ـ پۇس!» قىلغان ئاۋازلارنى ئاڭلىدىم. نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئۇقماي يۈرۈپتىمەن. بىر كۈنى ئېتىزغا بىرىپ قارىسام، بەسىيىم ئوخشاپ كەتكەنلىكتىن ھېلىقى مەن باغلاپ قويغان ئارغامچىلارنى ئۈزۈپ بوپتۇ. سىلى بىز قوغۇن ـ تاۋۇز، كۆكتات ـ پۆكتات تېرىيدىغان بولساق ھەرگىز بوش كەلمەيمىز جۇمۇ!

— شۇنداق ئاۋۇتاخۇن، ھەرقانداق نېمىنىڭ ئوخشىمىقى چاپقان كەتمەنگە باقىدۇ. ياش چاغلىرىمىزدا بىز كەتمەن چاپىدىغان بولساق يەرنىڭ ئومۇرتقىسى ئۈشتىلىپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا ماڭا ھەرقانداق كەتمەن كار قىلماي ئالاھىدە بىر كەتمەن ياساتمىدىممۇ. خەۋىرىڭلار باردۇ؟ ئىككى كەتمەنلا توپا ئاتسام بىر ماشىنا توشاتتىغۇ. شۇ كەتمەن ھېلىمۇ بار. يېقىندا بىر قورۇلۇش ئورنىدىن ئاشۇ كەتمىنىمنى بىزگە بەرگىن، ئۇنىڭ ئورنىغا بىز ساڭا بىر ماشىنا بېرەيلى، دېيىشىدى، ئۇنىمىدىم.

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— ياش ۋاقتىمىزنى قويۇپ تۇرايلى، ھېلىمۇ كۈچتىن قالماپتۇ. داۋۇت ئاخۇن، مەن تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كۈچۈمنى يەنە بىر قېتىم سىناپ باقتىم. بىر كۈنى بازارغا بېرىپ تاشيول بىلەن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. تۇۋەنكى مەھەللىدىكى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا بىرمۇنچە ئادەم ئولىشىۋاپتۇ. نېمە ئىش بولدىكىن، دەپ بارسام 5 توننىلىق بىر ماشىنا يۈكى بىلەن پاتقاققا پېتىپ قاپتۇق. زەنجىر تاپانلىق بىر تراكتور سىم ئارغامچا بىلەن ئالدىدىن تارتىۋاتىدۇ. كەينىدىن 20 ـ 30 ئادەم ئىتتىرىۋاتىدۇ. لېكىن ماشىنا ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماي تۇرىدۇ. ئاخىر چىداپ تۇرالماي: بولدى ـ بولدى، ھەممىڭلار نېرى تۇرۇڭلار، تراكتورغا باغلىغان سىم ئارغامچىنىمۇ يېشىۋېتىڭلار دېدىم ـ دە، ماشىنىنىڭ ئارقىسغا ئۆتۈپ

بىرلا مۇردەپ ماشىنىنى تۈز يولغا چىقىرىپ قويدۇم. ھەممىسى ھەيران بولۇپ ماڭا قاراپلا قالدى.

داۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— سىلىغۇ ماشىنىنى مۇردەپ چىقىرىپسىلەر، مەن بولغان بولسام، بىر پۇتۇم بىلەن ئىتتىرىپلا چىقىرىۋېتەتتىم ئەمەسمۇ.

ئاۋۇت لاپچى دەپتۇ:

— مەنمۇ شۇنداق قىلايمىكىن دەپ ئويلىغان، لېكىن پۇتۇم ماشىنىغا قاتتىقراق تېگىپ كەتسە، بىكاردىن - بىكار ساپساق بىر ماشىنا ماكچىيىپ كېرەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن دېدىم-دە!

## يۇيۇنۇش

— يانچۇق قۇرۇقدىلىنىپ قالغان كۈنلەر ئىدى،— دەپ سۆز باشلىدى ئازنىباقى،— مۇنچىغا بېرىپ كېلەي دېسەم، يېنىمدا پۇل قالماپتۇ. بىر كىمدىن قەرزمۇ سورىمىدىم. يۇيۇنۇشنىمۇ يالتايمىدىم. كىيىم - كېچەكلىرىمنى سېلىپ، تامبىلىم بىلەن كىرئالغۇغا (كىر يۇيۇش ماشىنىسىغا) سەكرەپ چۈشۈپلا، كۇنۇپكىنى بېسىۋەتتىم. پاھ، ھۇزۇر دېگەن مانا شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن دېگىنە! بەدىنىمنى ئىشقىلاپ سۈرتۈپمۇ ئاۋارە بولمىدىم. ماشىنا ئۆزى بىردەم ئوڭغا، بىردەم سولغا پىرقىراپ مېنى يۇيۇۋەردى. ئوڭ - تەتۈر پىرقىراۋەرگەندىن كېيىن بېشىم قېيىپ، ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

— سەن ئاسانلا ھوشۇڭدىن كېتىدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇخلاپ قالغانسەن؟— دېدى لاپ ئاڭلاۋاتقانلاردىن بىرى.

— راست دېدىڭ، ئاداش! بوۋاق چېغىمدا ئانام تەۋرەتكەن بۆشۈكتە ئۇخلىغاندەك ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپتىمەن. سۇنىڭ شالاقلىشى ئانام ماڭا بۇلماق ئېيتىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىن ماشىنىمۇ جىمىپ قالدى. ئۇيقۇلۇقتا پۇت - قولۇمنى مىدىرلاتسام، بوش تۇردۇ. تامبىلىمنى تۇتۇپ باقسام، چىلىق - چىلىق ھۆل! ئاللا دېدىم، چوڭ - كىچىك تەرەت قىلىۋەتكەن ئوخشايمەن دەپ ئانامدىن قورقتۇم. ھەممە يېرىمنى بۇلغىۋەتمەي دەپ ئورنۇمدىن چاچراپ قوپسام، ئۆزۈم كىرئالغۇنىڭ ئىچىدىن چىقىۋاتىمەن ئەمەسمۇ!

## چۈشىدە تېپىۋالغان پۇللار

— ئازنىباقى ئاكا، — دېدى سورۇندىكىلەردىن بىرى، — سەن ئۇقتىڭنىڭ تايىنى يوق بىر نەرسە ئىدىڭ. بىردىنلا بېيىپ كەتتىڭغۇ؟ بىر گەپ بار جۇمۇ سەندە!..

— مەندە نېمە گەپ بولاتتى، — دېدى ئازنىباقى، — چۈشۈمدە تېپىلغان پۇل بىلەن بېيىپ قالدىم.

— جۆيلۈمە! — دېدى ھېلىقى يىگىت، — چۈشۈڭدە بىر تاغار پۇل تېپىۋالساڭمۇ، ئەتىسى ئويغانساڭ ھېچنېمە يوق، ئۇنداق پۇلنى بىزمۇ كۆپ قېتىم تېپىۋالغان.

— راست دەيسەن، ئىنىم! مەنمۇ چۈشۈمدە بىرىنچى قېتىم پۇل تېپىۋالغاندا، قوينۇمغا سېلىپ چىڭ تۇتۇپ ياتتىم، ئەتىسى ئويغانسام پۇل يوق. 2 ـ قېتىم ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىپ، مەيدەمگە بېسىپ ياتساممۇ يوق. 3 ـ قېتىم تېپىۋالغان پۇلنى قۇچاقلاپ، چوڭ ساندۇقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم. خوتۇنۇم ساندۇقنى قۇلۇپلاپ قويدى. ئەتە ئويغانغاندا بۇ پۇلغا نېمىلەرنى ئېلىشنى ئويلاپ ياتتىم. ئەتىسى خوتۇنۇم ساندۇقنى ئېچىپ، مېنى ئويغاتتى، مەن ساندۇقتىن بېشىمنى كۆتۈرسەم، تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ. بىراق يەنە پۇل يوق. بۇ پۇللارنى شەيتان ئېلىپ قاچمىسا نەگە كېتىدۇ؟! خەپ توختا! — دېدىم ـ دە، ئويلاپ ـ ئويلاپ، بۇنىڭغا بىر ئامال تاپتىم.

بىر كۈنى چۈشۈمدە يەنە بىر سومكا پۇل تېپىۋالدىم. ئۆيگە ئاپىرىپ سانسام، ئارتۇق ـ كېمى يوق يۈزمىڭ سوم ئىكەن. بۇنى دەرھال بانكىغا ئاپىرىپ، قەرەلسىز ئامانەت قويۇۋەتتىم. «مەندىن باشقا ئادەم چەكنى ئېلىپ كەلسە پۇل بېرىلمىسۇن» دەپ تاپىلاپمۇ قويدۇم. ئاندىن پۇلنىڭ چېكىنى قولۇمدا چىڭ تۇتۇپ، پەلەي قاپلىۋالدىم. ئەتىسى ئويغانسام، خۇداغا شۈكۈر، چەك قولۇمدا تۇرۇپتۇ.

— شەيتان قولۇڭدىن چەكنى ئېلىپ قاچماپتۇ ـ ھە؟

— ئېلىپ قاچقىنى بىلەن بانكىدىن پۇلنى ئالدىغان چاغدا تۇتۇلۇپ قالىدۇ ـ دە!

## ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا

ئۆتكەن يىلى يازدا قەشقەرگە بېرىپ ئىككى ئاي تۇرۇپ قالدىم. مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ ئەلۋەكلىكى ۋە شىرىنلىكىدىن قەشقەرنى جەننەت دېسەك بولىدىكەن. بىر كۈنى ئەنجۈر يەۋېتىپ بالىلىرىم يادىمغا كەلدى-دە، كېلىمدىن ئۆتمىدى. بىر سومluق ئەنجۈرنى ئېلىپ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە باردىم. غۇلجىغا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ بالىلىرىمنى چاقىرتتىم. تېلېفونىست بىزنىڭ ئۆيدىكى تېلېۋىزورلۇق تېلېفونغىلا ئۇلاپ بەردى. تۇرۇپكىنى قىزىم گۈلنار ئالدى. قىزىمنى كۆرۈپ، ئاتىلىق ھېسسىياتىم بىلەن قۇچاقلاپ، ماڭلىيىغا سۆيدۈم. بىز ئۇزاق ئەھۋاللاشتۇق. ئاندىن قولۇمدىكى ئەنجۈردىن بىرنى قىزىمنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدۇم. قالغىنىنى ئۇكىلىرىڭ بىلەن يە دەپ بەردىم. قىزىم رەھمەت دەپ ئالدى.

شۇ ئارىلىقتا ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئايالىم يۈگۈرۈپ چىقتى (ئايالىمنى ئون يىل كۆرمەسەممۇ ھېلى كۆرگەندەك ئىدىم). ئۇ، تۇرۇپكىنى ئېلىپ ئەھۋال سورىدى:

— سالامەتمۇ سىز؟ قەشقەردىن قاچان قايتىسىز؟ قايتقاندا ماڭا بىر كۆڭلەكلىك چېكەن ئالغاچ كېلىڭ، جۇمۇ!

— ساڭا بىر باغلاپ تىكەن ئالغاچ بارىمەن.

— مەن تىكەننى نېمە قىلاتتىم؟ چىتلايدىغان بېغىم بارمىدى؟

— ئۆزۈڭنى چىتلىماسەن!

— سەن ئۆزۈڭنى چىتلىۋال، بېشىڭنى يەيدىغان ساراڭ!..— دەپ سەنلەپلا تىللاشقا باشلىدى. ئاچچىقىم غۇژژىدە كەلدى-دە، بىر كاچات سالدىم. ئايالىم شۇ ھامان چۇقان سېلىپ يىغلىدى:

— سەن ئۇچمە كۆڭۈل ساراڭ قەشقەرگە بېرىپ بۇزۇلۇپسەن، بۇزۇلساڭ بۇزۇل. مېنىڭ خېتىمنى بەر!— دەپ ياقامغا ئېسىلدى، مەنمۇ ئۇنىڭ چېچىدىن قارماپ تۇتۇپ:

— خېتىڭنى ئالىدىغان يەرگە يۈر، ئەمسە!— دەپ تېلېفونخانىدىن تاشقىرىغا دارقىرىتىپ سۆرىدىم. تېلېفونخانىدىكىلەر:

— ھاي - ھاي! ئىش چاتاق بولدى!..— دەپ مېنى تۇتۇۋېلىشتى. قارىسام تېلېفون ۋە ئۇنىڭغا چېتىلغان تېلېۋىزور ئاپپاراتلىرى ھەممىسى ئۇستەلدىن يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپتۇ.

— تېلېفونخانىدىكىلەر ئاندىن سېنىڭ ياقاڭغا ئېسىلغاندۇ؟— دېدى ئابدۇباقى.

— ئېسىلمامدىغان! ئۆز باھاسى بويىچە 4200 سوم تۆلەپ بېرىپ چىقىپ كەتتىم.

## سەن بولغان بولساڭ...

بىر كۈنى ساۋۇت لاپچى ئاغىنىسىگە مۇنداق دەپ لاپ ئېتىپ بېرىپتۇ:

— ئاداش، مەن توخۇ سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارنى ئارىلاپ يۈرۈپ بىر توخۇنى ئالدىم دېگىنە. ئۇ توخۇنى ئاپىرىپ سويسام ئىچىدىن بەش چوڭ چىنە ماي چىقماسمۇ. بۇ ماي بىلەن راسا ئوخشىتىپ بىر قازان پولۇ قىلدىم-دە، ئوغۇل - كېلىنلىرىمنى ئالتە نەۋرەم بىلەن ئۆيگە مېھمانغا چاقىردىم. ئۇلار بەھۇزۇر ئولتۇرۇشۇپ، پولۇدىن تويغىچە يېيىشتى. ماينىڭ كۈچى بىلەن ئالتە نەۋرەم كېچىچە ئۇچىسىغا يوتقانمۇ ئارتماي چىقتى. شۇ كۈنى سەنمۇ بولغان بولساڭ، مەن ئەتكەن پولودىن راسا كەلتۈرۈپ بىر قورساق يېگىنىڭدە، سەنمۇ قىشچە ئۈستۈڭگە كىيىممۇ كىيمەي چىققان بولاتتىڭ!



## ئىچىمىزدە كۈلۈۋاتىمىز

بىر كۈنى بىر ئولتۇرۇشتا، ساۋۇت لاپچى ئاغىنىلىرىگە:

— مەنزە مۇشۇ كۈنلەردە تولىمۇ تېز چاقچاق قىلىدىغان بولۇپ كەتتىم جۇمۇ! ھەرقانداق ئادەمنى بىر ئېغىز گەپ بىلەن كۈلدۈرۈپ، ئاچچىق ئۈچەيلىرىنى ئۈزۈۋېتىمەن، — دەپتۇ.

ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى:

— قېنى ساۋۇت ئاداش، چاقچاق قىلغاچ ئولتۇرمامسەن؟— دەپتۇ.

ساۋۇت لاپچى بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى دەپ بېقىپتۇ. لېكىن ئولتۇرۇشتىكىلەرنى زادىلا كۈلدۈرەلمەپتۇ. ئاخىر:

— كۆپچىلىك، كۈلمەيسىلەرغۇ؟— دەپتۇ.

كۆپچىلىك:

— ئىچىمىزدە كۈلۈۋاتىمىز، — دەپتۇ.

## ئاجايىپ سائەت

— هازىرقى سائەتلەرنى سائەت دېگىلى بولامدۇ،— دەپ لاپ ئۇرۇپتۇ بىر لاپچى،— سوتكىسىغا بىر قېتىم بۇرنىمساڭ توختاپ قالىدۇ. مېنىڭ بىر سائىتىم بولىدىغان، سائەت دەپ شۇنى دېسە بولىدۇ. ئۇنىڭ قانداق سائەت ئىكەنلىكىنى دەپ بېرەي: بىر سائەتنى بىر ئاتنىڭ پۇلىغا ئاران ئالغىلى بولىدىغان، ئاندا ـ ساندىلا كىشىلەر سائەت تاقىيالايدىغان چاغلار ئىدى. مەنمۇ تاقايچۇ، دەپ سائەت ئالدىم. تازا تومۇز كۈنلىرى ئىدى، چۆمۈلگىلى دەريا بويىغا باردىم. سۇدىن چىقىپ كىيىملىرىمنى كىيىپ ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. قارىسام سائەت يوق. دەريا بويىدا كىيىملىرىمنى يەشكەن يەردە ئۇنتۇپ قاپتىمەن، قايتىپ بېرىپ ئىزدەشكە خۇشياقمىدى. كېلەر يىلى تومۇزدا سۇغا چۆمۈلگىلى يەنە دەريا بويىغا باردىم. سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ، ئاپتاپتا قاقلىنىپ ياتسام، بىر نېمە «چىك ـ چىك ـ چىك ـ چاك» قىلىدۇ، يا هايۋاننىڭ ئاۋازىغا، يا ئۇچار قاناتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدۇ. هەيران قالدىم. تازا دىققەت قىلسام، چىكىلدىغان ئاۋاز مەن ياتقان يەردىن قىرىق ـ ئەللىك مېتىرچە نېرىدىكى بىر چۆپلۈكنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتىدۇ. بىر دەسسەپ ـ ئىككى دەسسەپ باردىم. چۆپلۈكنى ئاختۇرسام، سائەت تۇرىدۇ، قولۇمغا ئالسام مېنىڭ سائىتىم.

— ئۇنى كىم بۇراپ قويۇپتۇ؟

— ئۇنى كىم بۇراپ قوياتتى. بۇلتۇر ئۆزۈم بۇراپ قويغان پېتىچە مېڭىۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ.

## بېدىنىڭ ئاستىدا قاپتۇ

— بەلكىم هېچقايسىڭلار ئايروپىلان دەپ ئاتىلىغان بىلەن تېخىچە كۆرمىگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن،— دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ ئوسمان بۆرە،— مەن ئايروپىلاننى يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىلا كۆرگەن. هەر يىلى بىز بىرەر مىڭ باغ بېدە بېسىۋالاتتۇق. بىر يىلى ئەتىيازدا ئۆگزىدىن بېدە ئېلىشقا توغرا كېلىپ، بىر باغ بېدىنى ئېلىشىمغا «گۈر ـ گۈر»لا قىلىپ بىرنېمىلەر ئۇچۇپ چىققىلى تۇردى. قارىسام ئايروپىلانلار ئىكەن. ئۇچقۇچىلىرى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قاپتۇ. ئۇلار كۈزدە بىزنىڭ ئېغىلنىڭ ئۈستىگە قونغاندا، مەن كۆرمەي ئۈستىگە بېدە تاشلاپ باستۇرۇۋېلىپتىمەن. قىشچە بېدىنىڭ ئاستىدا قاپتۇ ئەمەسمۇ.

59

## بۇ تەرەپ تۆۋەنكەن

— ئوسمان، ئايروپىلانغا چۈشكەنمىدىڭ؟

— چۈشمەي. بىر يىلى شودۇينىڭ ئىشى بىلەن بېيجىڭغا بىرىشقا توغرا كېلىپ قالدى. بىر تونۇشنىڭ ئايروپىلانغا چۈشۈۋالدىم. ئايروپىلاندا پۈتۈمنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرسام، ئۇچقۇچى ئاغىنە: «ئوسمان، يىقىلىپ چۈشمىگىن يەنە» دەيدۇ. «قورقما، ھەر يۈگۈرۈك ئاتلارنى قوشقان خادىك ھارۋىلاردىن يىقىلىپ چۈشمىگەن يەردە، سېنىڭ ئايروپىلانىڭدىن يىقىلىپ چۈشەتتىممۇ» دېدىم. ئايروپىلان يولنىڭ كاتتىمۇ يامانكەن ئەمەسمۇ. تولا جالاقشىتىپ ئۈچەي - باغرىمنى قوچۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ سائەتتىلا بېيجىڭغا باردۇق. بىر دەڭگە چۈشتۇق، دەڭجا لوخەننىڭ ئايالى ئوبدان نېمىكەن، ئاۋۋال چاچتەك سوزۇپ بىر تەخسىدىن لەڭمەن قىلىپ بەردى، كەينىدىن ئوخشىتىپ بىر كورا ئەتكەنچاي ئېتىپ بەردى. چېيىنى ئىچىپ، شامىسىنى راسا چاينىۋالدۇقتە، ئىشىمىزنى پۈتكۈزۈپ، نامازدىگەرنى ئوقۇۋېلىپ قايتتۇق. ياناشىمىزدا ئايروپىلان بۇلۇتقا پېتىپ قېلىپ، پىشاك سىلىپ ئاران چىقاردۇق. شۇنداق قىلىپ، ئىككى يېرىم سائەتتە يېتىپ كەپتۇق.

— ھوي، ئۈچ سائەتتە باردۇق دەۋاتاتتىڭ، قايتقاندا ئەجەب تېز كەپسىلەرغۇ؟

— بۇياق يەر تۆۋەنكەن ئەمەسمۇ.

## قىرغاۋۇلنى شۇنداق تۇتاتتۇق

— بىزنىڭ يۇرتتا قىرغاۋۇل شۇنداق كۆپ ئىدىكى،— دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ ئوسمان بۆرە،— مىلتىق بىلەن ئېتىپمۇ ئاۋارە بولمايتتۇق. قىشلىقى بىزنىڭ باغقا قىرغاۋۇللار توپ - توپى بىلەن چۈشەتتى-دە، سىمىزلىكىدىن قارغا پېتىپ قېلىپ، ئۇچالمايتتى. تاغارنى ئېلىپ چىقىپ ئۇسۇپ - ئۇسۇپلا ئەكىرەتتۇق.

## ئايروپىلاندا چىقتىم

— ھېسامكا، شەھەردىن قاچان چىقتىڭ؟
— ھازىر چىقتىم.
— نېمىدە چىقتىڭ، ماشىنىدىمۇ؟
— ياقەي، ئايروپىلاندا.
— ۋاھ، ئەمىسە ئايروپىلانىڭ قېنى؟
— تومۇزنىڭ قىزىقىدىن قاچۇرۇپ يارغا تارتىپ قويدۇم.

## ئوقەتنىڭ نەتىجىسى

ئوقەتنىڭ گېپى چىقىپ، ھېسام سورۇندىكىلەرگە مۇنداق پاراڭ سېلىپ بەردى:
— ياش ۋاقتىمدا پۇل تاپقۇدەكلا ئىش بولسا قىلىپ بېقىۋىدىم. بىر يىلى شەھەردە تۆمۈر ئەزانلىشىپ كەتتى. «توختا!» دېدىم-دە، بار پۇلۇمغا تۆمۈر ئېلىپ، بىر چوڭ ئامبارغا بېسىۋەتتىم. بۇ ئىشقا تاپا - تەنە قىلغانلارمۇ بولدى. غىڭ قىلمىدىم. دېگەندەك، ئىككى يىلدىن كېيىن تۆمۈر دېگىنىڭ تۇتىيا بولۇپ كەتتى. «ھە ھېسامباي، ئەمدى پۇل تېپىشنى بىل!» دېدىم-دە، ئامبارنىڭ قۇلۇپىغا ئاچقۇچنى شاراقىدە سېلىپ، ئىشىكنى ئاچتىم..
— ھە.. ھە..! ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ!— بىراۋ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى.
— نېمىسىنى دەيسىلەر، چاشقان دېگەن كاساپەتلەر تۆمۈرلەرنى يەپ، كېپەكتەك قىلىۋېتىپتۇ.

## زىمىستان قىشتا

— مەھەللىمىزدە قىرغاۋۇل كۆپ قونىدىغان بىر دەرەخ بار ئىدى. بىر قىشتا تاغارنى ئېلىپ چىقىپ تۇرۇپ، دەرەخنى بىر تېپىپتىكەنمەن، بىردەمدە بىر تاغار قىرغاۋۇل بوپتۇ،— دېدى ھېسام.
— قويۇڭا ھېسامكا، توڭلاپ قالغۇچە قونۇپ تۇرۇۋېرىدىغان قانداق قىرغاۋۇللاركەن ئۇ؟
— قەھرىتان سوغۇقتا قىرغاۋۇل تۇرماق، دەرەخكە قونساڭ سەنمۇ توڭلاپ قالىسەن.

## ئوقلارنىڭ ئىزى

قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان ھېسام ئۆزى ئاتقان بەش پاي ئوقتىن بىر پېيىلا تاختىغا تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ، زادىلا ئىشەنمىدى. باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا تاختىنى ئەكېلىپ كۆرسەتتى. دېگەندەك، تاختىدا بىر تاللا تۆشۈك تۇراتتى.
— ماڭا ئىشىنىڭ ئۇكا،— دېدى ھېسام،— بەش پاي ئوقنىڭ ھەممىسى تاختىغا تەگدى.
— ئەمىسە قالغان تۆتىنىڭ ئىزى قېنى؟— دېدى باشقۇرچى.
ھېسام تاختىدىكى ھېلقى بىر تۆشۈكنى كۆرسىتىپ:
— قالغان تۆت پاي ئوقمۇ نەق مۇشۇ تۆشۈكتىن چىقىپ كەتتى!— دېدى.

## كۆۋرۈك يوق-تە

دەريا بويىدىكى ئولتۇرۇشتا ھېسام يىگىتلەرگە ئۆزىنىڭ ئايروپىلانغا چۈشكىنىنىڭ پا-رىڭىنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا بىر ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە بىر قۇر ئايلىنىپ، كەينىگە يېنىپ كەتتى. يىگىتلەردىن بىرى:
— نېمىشقا تېكەس تەرەپكە ئۆتمىدىكىنە!— دېدى ھەيرانلىقتا.
— كۆۋرۈك يوقتە ئۇكا،— دېدى ھېسام دەررۇ چۈشەنچە بېرىپ،— شۇڭلاشقا دەر-يادىن ئۆتەلمەي كېتىپ قالدى.

## چېلىشچى بىلەن ھېسام

بىر چېلىشچى ھېسامغا لاپ ئېيتىپ بەردى:
— مۇشۇ كۈنلەردە تاۋىمغا كېلىپ تۇرمەن دەڭا. داڭقى چىققان پالانى چېلىشچىنى تۆنۈگۈنكى مۇسابىقىدە ئارقا - ئارقىدىن ئون قېتىم يىقتىم، ئىشىنەمسىز؟
— ئۇ بىر پالەچقۇ!— دېدى ھېسام جاۋابەن،— دەل ئۇنىڭ ئالدىدىكىلا مۇسابىقىدە

مەنمۇ شۇ چىلىشچىنى ئون قېتىم يىقىتىپ، ئون بىرىنچى قېتىمدا بىلىدىن تۇتۇپ لىككىدە كۆتۈرۈپ، سودىيەگە تۇتقۇزۇپ قويغانىدىم.

## ئوقنىڭ ئوتىدا

ئۆمرىدە ملتىق تۇتۇپ باقمىغان بىر لاپچى خەقلەرگە لاپ ئېيتىپ بەردى:

— بىز ھەربىي بولغاندا يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان ئوق ئاستىدىكى جەڭلەرگىمۇ قاتناشقان جۇمۇ! بىر كۈنى ئاخشىمى گازارمىغا كېتىپ بارسام، بىر ئوق ئوتتەك پالىلداپ يېنىپ «چىۋ» قىلىپ ئۇچۇپ كەلدى ـ دە، ماڭلىيىمغا تەگدى جۇمۇڭ. ھېلىمۇ ياخشى بېشىمدا پولات قالپاق بار ئىدى. ئوق قاڭقىپ چىقىپ دەرەخكە تەگدى..

— توغرا دەيسىز، — دېدى توپ ئىچىدە ئولتۇرغان ھېسام ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ، — سىز دېگەن شۇ ئوقنىڭ ئوتىدا مەن تاماكامنى تۇتاشتۇرۇۋالغانىدىم.

## ئوۋدىن شۇنداق قايتتىم

— بىر كۈنى بايتوقايغا ئوۋغا چىقىپ، قوش ئاتارنى بەتلىدىم ـ دە، چۆپلۈك ئارىسى بىلەن سىلجىپ، كەكلىك بار جايغا يەتتىم، — دەپ سۆز باشلىدى ھېسام، — قارىسام، تۆردە كەكلىك دېگىنىڭ كەڭرى يېيىلىپ، دانلاپ يۈرۈۋىشىپتۇ. كەكلىكلەرنىڭ چەت ـ چېتىگە چالما ئېتىپ، جىمى كەكلىكنى بىر يەرگە يىغدىم ـ دە، گۈملا سالدىم.. ئىشەنمەيۋاتامسىلەر؟ ئاخىرىنى ئاڭلىماسىلەر... گۈملا قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، كەكلىكنىڭ جىمىسى موكلا ياتتى. ئوق كەكلىكلەرنىڭ ئۈستىدىن ۋىڭڭىدە ئۆتۈپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ ئوۋدىن «ۋادەرىخا» ئېيتىپ ياندىم.

## لاپقا لاپ

بىر چالا كۆرەڭ دوقمۇشتا بۇرۇتىنى سىلاپ لاپ ئۇردى:

— پاھ، پاھ، ھېلىلا ئۆيدە كىلىشتۇرۇپ پولۇ يەپتىكەنمەن، مەيدەمنى خوي غىلغىتىۋاتىدۇ...

ھېسام لاپقا لاپ بىلەن جاۋاب بەردى:

ــ راست دەيسىز، ئايدا ـ يىلدا بىر يېگەچكە بىئارام قىلىدۇ. بىزدەك كۆندىلا پولو يەپ تۇرسىڭىز ھېچقانداق بولمايتتىڭىز...

## ئايلىنىپ بېرىپ ئۇمۇ تەگدى

ــ يەنە مەرگەنلىكىڭىز گېپىنى قىلىشىۋاتامسىلەر؟ ۋاھ، ئۇ گەپنى بىزدىن سوراڭلار. تېخى تۈنۈگۈنلا قارىغا ئېتىش مۇسابىقىدە ئۈچ پاي ئوقنى قالتىس ئېتىۋەتمىدىممۇ!

ــ قانداق تەگدى؟

ــ بىرىنچى پېيى نەق يۈرىكىگە تەگدى، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ سەل تۆۋەنرەكىگە تەگدى، ئۈچىنچىسى...

ــ خوش، ئۈچىنچىسچۇ؟

ــ ئايلىنىپ بېرىپ ئۇمۇ تەگدى.

## قاتتىق بوران

بىر ئاغىنىسى ھېسامغا:

ــ سەھراغا چىقىپ كېتىۋاتسام، شۇنداق بىر قاتتىق بوران چىقتىكى، مەن چۈشكەن ئاپتوبۇس ئۆرۈلۈپ كەتتى جۇمۇ!ــ دېدى.

ــ مەنمۇ شۇ يولدىدىم،ــ دېدى ھېسام،ــ ۋېلسىپىتىم بىلەنلا ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتمىدىممۇ؟

ــ قويغىنا ئاداش، ۋېلسىپىت بىلەن ئادەمنى ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىدىغان قانداق بوران ئىكەن ئۇ؟

ــ قانداق بوران بولاتتى، سىنىڭ ئاپتوبۇسىڭنى ئۆرۈۋەتكەن بوران بولمامدۇ!

## نېمىدە پىشۇرغۇلۇق

بىر پوچى نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ئالدىدا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەپەندىم قاراڭ! بىزنىڭ يۇرتتا بۇ يىل ھەممە ئائىلىلەر كاۋا تېرىغانىدى، كاۋىلار شۇنداق ئوخشاپ كەتتىكى، ھەربىرى خۇددى ئۆيدەك ـ ئۆيدەك بولۇپ چۈشتى دەڭا.

— شۇنداقمۇ؟— دەپتۇ ئەپەندىم،— بىزنىڭ يۇرتتىكى قازانچىلار شۇنداق ئۇستىكى، ئۇلار بۇ يىل كۆلدە ـ كۆلدەك قازانلارنى ياسىغلى تۇردى،— دەپتۇ.

— بولدى قىلىڭە،— دەپتۇ ھېلىقى كىشى،— لاپ دېگەننىمۇ چاندۇرماي ئاتقۇلۇق، نەدىمۇ ئۇنداق قازانلارنى قۇيغىلى بولسۇن؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن، شۇنداق قازانلار بولمىسا سىلەرنىڭ ئۆيدەك كاۋاڭلارنى نېمىدە پىشۇرغىلى بولسۇن!



## تاغەي

بىر پوچى ئۇرۇمچىگە كېلىپ بىر تونۇشىدىن سوراپتۇ:

— ئاداش، ئاۋۇ 30 قەۋەت بىنانى قاچان سالدى؟

— بۇلتۇر باشلىغان، بۇ يىل پۈتتى.

— نېمىدېگەن ئاستا، بىزنىڭ يۇرتتا ئالتە ئايدا پۈتكۈزۈۋېتىدۇ ئۇنداق بىنالارنى.

— ئاۋۇ نەچچە قەۋەت بىنا، ئاداش؟— دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

ـ 50قەۋەت.

— قاچان سالغان؟

— تاغەي، تۈنۈگۈن يوق ئىدى. ئەتتىگەن قارىسام تۇرىدىغۇ.

## موللا ئېشەك

ئەپەندىم بىلەن پادىشاھ ئېشەكنى «موللا»قىلىش توغرىسىدا بەسلىشىپتۇ. ئەگەر ئېشەك «موللا» بولسا پادىشاھ ئەپەندىمگە نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ ھەم بۇ-نىڭ ۋاقتىنى ئۈچ ئاي قىلىپ بەلگىلەپتۇ. ئەپەندىم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بىر كىتاپ تېپىپ ئېشىكنى ئېلىپ كېلىپ ھەربىر ۋاراقنى ئۆرىگەندە بىرئىزدىن قوناق قويۇپ بېرىپتۇ، ئې-شەك قوناقنى يەپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر ۋاراقنى ئۆرۈپ قوناق سېلىپ بېرىپ، شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ مەشىق قىلغۇزۇپتۇ. كېچە - كۈندۈز مەشىق قىلىش نەتىجىسىدە ئېشەكمۇ شۇنىڭغا كۆنۈپتۇ. ئەپەندىم قۇرۇق كىتابنى ئېشەكنىڭ ئالدىدا قويغانىكەن، ئې-شەك قوناق ئىزدەپ ئۇ يەر، بۇ يەرنى پۇراپ قوناق بولمىسا كېيىنكى بەتتە بار دەپ ئويلاپ تۇمشۇقى بىلەن بىر ۋاراق، بىر ۋاراقتىن ئۆرۈپ ۋاراقلاپ بىر كىتابنى تۈگىتىپتۇ.

ئەپەندىم مۆھلەت توشقاندا ئوردىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ بارلىق ئوردا ئەھلىنى يىغىپ «ئېشەكنىڭ كىتاب ئوقۇشى»نى كۆتۈپتۇ. ئەپەندىم ئېشىكنى سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكې-لىپ ھېلىقى كىتابنى ئالدىغا قويغانىكەن، ئېشەك قوناق ئىزدەپ كىتابنى ۋاراقلاپ تۈگىتىپ-تۇ. بىر تالمۇ قوناق تاپالمىغان ئېشەك ئاخىردا تازا كۈچەپ ھاڭراپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئە-پەندىممۇ دەرھال «دۇئا»غا قول كۆتۈرۈپتۇ ۋە دەپتۇ:

— ئېشىكىم كىتابنى ئوقۇپ دۇئا قىلىپ بولدى.

بۇنى كۆرگەن پادىشاھ ئوتتۇرۇپ قويغانىغا تەن بېرىپ ئەپەندىمگە نۇرغۇن مال - دۇنيا بېرىپ يولغا سېپتۇ.

## كىمنىڭ دادىسى قالتىس؟

بىر كۈنى ئۈچ ئۆسمۈر بالا پو ئېتىشىپ قاپتۇ، ئارىسىدىكى بىرى پو ئېتىپ:

— مېنىڭ دادام ئىدارە باشلىقى. ئىدارىسىدە كىمنى ئىشقا بۇيرۇسا، نېمىنى قىل دېسە شۇنى قىلىدۇ،— دەپتۇ. يەنە بىرى:

— مېنىڭ دادام گېنېرال ھەربىي رايوندىكى نەچچە مىڭ ئادەم ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇلغا دېسە سۇلغا ماڭىدۇ،— دەپتۇ.

ئۈچىنچى بالا نامرات بىر ئائىلىدىن بولغاچقا بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن:
— مېنىڭ دادامۇ ئالامەت، ھەرقانداق ئادەمنى بېشىڭنى ئەگ دېسە ئېگىدۇ، سولغا دېسە سولغا، ئوڭغا دېسە ئوڭغا قىلىدۇ، يات دېسە ياتىدۇ،— دەپتۇ.
ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ بالىلىرى ھەيران بولغان ھالدا:
— ھەي، سېنىڭ داداڭ نېمە ئىش قىلىدۇ؟— دەپ سوراپتۇ.
— مېنىڭ دادام ساتىراش،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى بالا.

## ئاسىم بىلەن قاسىمنىڭ لاپلىرى

بىر كۈنى بىر سورۇنغا بېرىپ قالدىم. سورۇندا دائىم قۇرۇق گەپ بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، لاپنى زەي سالماي ئېتىپ قويىدىغان ئاسىم ۋە قاسىم ئىسىملىك ئىككى لاپچى ئاغىنەم پو ئېتىشقىلى تۇردى.
ئاسىم:
— ۋاي-ۋۇي ئاداش، تۈنۈگۈن بېغىمدىكى ئالمىنى ئورۇندۇققا دەسسەپ ئاران ئۈزۈۋىدىم، ئالمىنىڭ يوغانلىقىدا ئورۇندۇق كۆتۈرەلمەي پۇتى سۇنۇپ كەتتى.
قاسىم:
— مېنىڭ بېغىمدىكى ئالمىنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان، ئاران دېگەندە بىرنى ئۈزۈپ يەرگە قويۇۋىدىم، ئالمىنىڭ ئىچىدىن بىر قۇرت چىقىپ شۇنچىلىك قاۋۇل ئېتىمنى يەۋەتتى
ئاسىم:
— بىزنىڭ يۇرتتا بىنالار شۇنداق ئېگىز سېلىنغانكى، ناۋادا بىرى بىنادىن چۈشۈپ كەتسە بىر سائەتتە ئاندىن يەرگە چۈشىدۇ!
قاسىم:
— بۇ قانچىلىك ئىشتى، بىزنىڭ يۇرتتىكى ئېگىز بىنادىن سەكرىسە، ئادەم يەرگە چۈشۈپ بولغىچە ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ. ئاسىم:
— مېنىڭ ئەسلىي كەسپىم رەسساملىق ئىدى. بىر كۈنى مەن يەرگە قوينىڭ كاللا-پاقالچاق، ئۆپكە - زاسۇيلىرىنى سىزىپ قويدۇم. بۇ رەسىم ناھايىتى ئوخشاپ كەتكەچكە، ئاچ قالغان بەش لالما ئىت كەلدى-دە، ئۇنى غاجىلاپ، قورساقلىرىنى راۋۇرۇس تويغۇزغاندىن كېيىن قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتقان پېتى كېتىپ قېلىشتى. مەن يەنە بىر كۈنى كوچى-

دا كېتىۋېتىپ، يولغا 10 مىڭ يۈەننىڭ رەسمىنى سىزىپ قويىدۇم، بىر قەلەندەر كوچىدا كېتىۋېتىپ يەرگە سىزىلغان پۇلنى ئېلىپ، ئەڭ ئېسىل پىكاپتىن بىرنى سېتىۋاپتۇ. ماشىنىسازلىق باش شىركىتىدىكىلەرمۇ ئۇ پۇلنىڭ راست- يالغانلىقىنى پەرق ئېتەلمەپتۇ. ھېلىقى قەلەندەر ھازىرغا قەدەر شۇ پىكاپقا ئولتۇرۇپ، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ تىلەپ يۈرەرمىش.

قاسىم:

— مېنىڭ ئەسلىي كەسپىم بولسا ئاشپەزلىك ئىدى. ئۈچ كۈن ئاۋۋال شۇنداق چوڭ بىر چوڭ چۆچۈرە تۈگدۈمكى، دۇنيادا ئۇنىڭدىن چوڭ چۆچۈرە بولمىسا كېرەك. بىر ھەپتە تاماق يېمىگەن 20 نەچچە ئادەم ئىككى كېچە-كۈندۈز باش كۆتۈرمەي يېسەكمۇ ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنى يەپ بولالماپتۇق، بۇ چۆچۈرىنى يەۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئىككى دوستىمىز يوقاپ كەتتى. بىز تۆت يولغا بۆلۈنۈپ ئىزدەپ ئۇلارنى ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. بىرھازادىن كېيىن چۆچۈرىنىڭ ئىچىدىن بىر كىشىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. دەرھال چۆچۈرىنىڭ ئىچىنى ئېچىپ قارىساق، ھېلىقى ئىككى ئاغىنىمىز چۆچۈرىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ، مۇڭداشقاچ قىيما تېرىپ يەۋېتىپتۇ، قېنى بۇرادەرلەر ئويلاپ بېقىڭلار، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ چۆچۈرە بولامدۇ؟

ئاسىم:

— مەنمۇ بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا شۇنداق چوڭ چۆچۈرىدىن بىرنى تۈگكەنىدىم. ئەگەر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ چۆچۈرە دېيىشكە توغرا كەلسە شۇنى دېسە بولىدۇ. شۇ چاغدا مەندىن باشقا بىرنەچچە يۈز ئادەم ئۇ چۆچۈرىنى كېچە-كۈندۈز تىنماي، تالا-تۈزگە چىقماي يېسەكمۇ قىيمىسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. خۇددى مايمۇنلاردەك تازا ئىچكىرىلەپ يەۋاتقانتۇق، بىر ئېگىز تاش مۇنارغا ئۇچراپ قالدۇق، شۇنداق قارىساق، مۇنارنىڭ ئۈستىگە «مۇشۇ مۇناردىن چۆچۈرىنىڭ قىيمىسى بار يەرگە يەنە 100 كىلومېتىر يول قالدى، غەيرەت قىلىپ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن تېز يەڭلار» دەپ يېزىقلىق تۇرۇپتۇ. قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ چۆچۈرە بولامدۇ؟

قاسىم:

— قەدىناس دوستلىرىم، مەن پو ئېتىشقا كەلگەندە ئۆزۈمنى ھېچكىمگە تەڭ قىلماي يۈرەتتىم. بىر كۈنى بىر ئاغىنەم ماڭا تاغنىڭ ئارقىسىدىكى بىر مەھەللىدە مەندىنمۇ گەپكە ئۇستا بىر پوچى ئادەمنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، ئۇنىڭ بىلەن بىر-ئىككى شىڭگىل پو ئېتىشىپ كەلمەكچى بولدۇم-دە، ئىشتانبېغىمنى بېلىمگە چىڭ

باغلاپ، ھېلىقى پوچىنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ «ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟» دەپ توۋلىۋىدىم، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيدىن 10 ياشلار چامىسىدىكى مەندىن قاۋۇل، بەستلىك بالىدىن بىرى چىقتى. ئۇنىڭدىن «داداڭ ئۆيۈڭدە بارمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ دەرھاللا: «ئامېرىكا بويىچە ئەڭ ئېگىز تاغ تۈنۈگۈن شامالدا ئۆرۈلۈپ كېتىپتىكەن، دادام شۇ تاغنى چىمچىلاق قولىنىڭ تىرنىقى بىلەن يۆلەپ قويغىلى كەتتى» دېدى. «ئاناڭچۇ؟» دېسەم، قىلچە تەمتىرىمەيلا: «سىزگە مەلۇم، نېگىرلار ياشاۋاتقان ئافرىقا ناھايىتى ئىسسىق، ئەگەر سىز ئۇ يەرگە بېرىپ قالسىڭىز، ئىسسىقنىڭ يامانلىقىدىن مېكىيانلارنىڭ قورسىقىدىكى تۇخۇمنىڭ يەرگە چۈشمەيلا پىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا مۇز بېرىپ بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. تۈنۈگۈن دەل شۇ ئافرىقا زېمىنى ئۈستىدىكى ئاسمان تېشىلىپ كېتىپ، خەلققە زور بالايىئاپەت كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئانام، ئۆيىمىزدە ئۇزۇندىن بېرى بورداپ باققان ئىككى مۈشۈكىمىزنىڭ بىرىنى ئۆز قولى بىلەن سويۇپ، ئۇنىڭ تېرىسى بىلەن ئاسماننىڭ تېشىلگەن يېرىنى ياماپ قويغىلى كەتتى» دېدى.

پو ئېتىشىش مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە تاقەت قىلالماي سۆز قىستۇردۇم:

— ئاغىنىلەر، بىزدە ئىلگىرى بىر قوشۇق مايدا ئاغزىنى مايلىۋېلىپ، بەتتە پولو يېدىم دەيدىغان، ئۇسسۇل ئوينىغاندا، يەر شارىنى تار كۆرۈپ، مارسقا چىقىپ ئوينىسام بولاتتى دەيدىغان، بىر ئولتۇرۇشتا 10 توننا نانى تىنچ ئوكياننىڭ سۈيىگە چىلاپ يېسىمۇ، قورسىقىمنىڭ بىر بۇرجىكىگە بارمىدى دەيدىغان، گەپ قىلغاندا بىر كالپۇكى يەرگە تەگسە، بىر كالپۇكى كۆنگە تاقىشىپ تۇرىدىغان، ئون كېچە-كۈندۈز پو ئاتسا، ئاغزىغا بىر يۇتۇم سۇ ئالمايدىغان نى-نى پوچىلار بار ئىدى. ئەگەر ئۇلار پو ئاتىدىغان بولسا 30 ئاتلىق ھارۋا بەش قاتار بولۇپ، ئاغزىڭلاردىن كىرىپ، بۇرنۇڭلاردىن چىقىپ كەتسىمۇ تۇيماي قالاتتىڭلار. بىراق زامان تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كوچا دوقمۇشلىرىدىكى بالداقلاردا، كۆۋرۈك بويلىرىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇۋېلىپ كۇرۇك مېكىياندەك ئاغزى بېسىقماي پو ئاتىدىغان كەسپىي پوچىلىرىمىز كەسىپ ئالماشتۇردى. چۈنكى ئۇلار بىكار ئولتۇرۇپ پو ئاتقان بىلەن بىر پۇڭ تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى، پو ئاتقانغا قورساق تويمايدىغانلىقىنى، پو ئېتىش بىلەن دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيەسىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەچكە پو ئاتمايدىغان بولدى، — دېۋىدىم. سورۇندا ئالقىش ياڭراپ، قاسىم بىلەن ئاسىم چىشلىرىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ ھىجايغىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

## قەھرىمانلار

ئۇرۇشتىن قايتقان سەركەردىلەر پاراڭلىشىپ ھەركىم ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ھەققدە لاپ ئۇرۇشۇپتۇ. بىر ماختانچاق سەركەردە:

ــ ئۇرۇش دېگەن شۇنداق قاتتىق بولدىكى، ئوق خۇددى يامغۇردەك يېغىۋاتاتتى. مەن دۈشمەن بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ قىلىچ ئاستىدا قالدىم. كاللام ئۈزۈلۈپ بويىنۇمنىڭ تېرىسىگە ئىلىنىپ قاپتۇ...ــ دەپتۇ.

پاراڭدا ئەپەندىمۇ بار ئىكەن. ئۇمۇ قاتاردىن قالغۇچە بىر لاپ ئۇراي دېگەن ئويدا:

ــ ئۇرۇشتا ئادەم قىزىپ كەتكەندىكىن شۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇــ ھېچنېمىنى تۇيماس، بىلمەس بولۇپ قالىدىكەن. سىزنىڭ بېشىڭىز بويىنىڭىزنىڭ تېرىسىگە ئىلىنىپ قاپتۇ، مېنىڭ بېشىم يەلكەمدىن چۈشۈپ ئۈچ - تۆت قېتىم دوملاپ كەتكەنىنىمۇ سەزمەي ئۇرۇشۇۋەردىم،ــ دەپتۇ.



## توخۇ ۋە ئۆچكە

بىر پوچى ئەپەندىمگە:

ــ مەن بىر سۈرۈك توخۇ باققاندىم، ئۇلار شۇنداق يامان توخۇلار چىقتىكى، دەپ بەرسەم ئىشەنمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىر كېچىسى بۇ توخۇلار ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى بىردىن - بىردىن چوقۇپ چۈشۈرۈپ، ئۆگزىگە خۇددى ئۆرۈكلەرنى يايغاندەك يېيىۋېتىپتۇ. بۇنىڭلىق بىلەنمۇ يەنە پۇخادىن چىقماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاسماندىكى ئاينى چوقۇپ چۈشۈرۈۋاپتۇ. بىر چاغدا ئۆگزىدىكى دۈكۈر - تاراقتىن ئويغىنىپ كەتتىم. چىقىپ قارىسام، توخۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئاينى پۇتبول قىلىپ تېپىپ ئويناۋېتىپتۇ. قاراڭ، مەن باققان توخۇلار يامانمىكەن؟ــ دەپتۇ.

ــ بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ــ دەپتۇ ئەپەندىم كۈلۈپ،ــ مەن بىر-نەچچە ئۆچكە باققاندىم. بۇ ئۆچكىلەرنىڭ يامانلىقىنى سىز بىلمەيسىز. بىر كۈنى بۇ ئۆچكىلەر ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى كۆلچەكنى ئۇزۇن ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئاسمانغا ئېسىپ

قويۇپتۇ. كېيىن مەن يەردە تۇرۇپ، ئاسماندا ئېسىلىق تۇرغان كۆلچەككە قارىسام، كۆلدىكى بېلىقلار قورقۇنچلۇقتا بىردىن – بىردىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتتى!

## ئاجايىپ قەھرىمانلىق

ــ ئالدىنقى يىلى يازدا غۇلجىغا ساياھەتكە باردىم،ــ دەپ لاپ باشلىدى ھەسەن لاپچى،ــ ئىلى دەريا كۆۋرۈكىدە تۇرسام بىرىنىڭ «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، قارىسام ئىككى بالا دەريانىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر قاينامدا چۆرگىلىپ يۈرىدۇ. «توختا، بىرئاز ساقلاي، غۇلجا باللىرىنى خېلى باتۇر دەۋاتقان، بىرەرسى چۈشۈپ قۇتقۇزۇۋالار» دەپ ئون مىنۇتتەك ساقلىسام بىرمۇ ئەكەك سۇغا سەكرىمىدى، ھېلىقى بالىلارمۇ سۇغا غەرق بولماستىن، چوڭقۇر قاينامدا چاقپەلەكتەك چۆرگىلىۋەردى. «بولدىلا، تۈزۈت قىلماي ئۆزۈملا چۈشەي» دەپ كۆۋرۈكتىنلا سەكرىدىم، بۇ ئىلى دەرياسىنىڭ ئاستىدا قورام تاش، دەرەخ كۆتىكى دېگەنلەر نۇرغۇن گەپكەن، سەكرىگىنىمدە نەق مەشنىدەك يوغان تاشنىڭ ئۈستىگىلا تىك موللاق چۈشۈپتىمەن، ھوشۇمدىن كەتتىم. بىر چاغلاردا ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، ئاۋۇ ئىككى بالا يەنە شۇ جايدا چۆرگىلەپلا تۇرۇپتۇ، دەرھال شۇلار تەرەپكە قاراپ ئۈزدۈم. ئۇنىڭغىچە جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرىمۇ يېتىپ كەلدى، ئارغامچىلارنى ئۇلاپ دېگەندەك بىر ئامال قىلىپ، ئارغامچا شۇلار تەرەپكە قاراپ ئارغامچا بىلەن سىيرىلىپ، ھېلىقى باللار تەرەپكە ئىككى – ئۈچى كېتىپ بارىدۇ، مەن تېخىمۇ تېز ئۈزۈپ شۇ قاينامغا كىردىم-دە، ئىككى بىتەلەيىنى ئىككى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتىم، ئۇھ دەپ ئولتۇرسام، دەريانىڭ بويىدىكى ئادەملەر ئەتراپىدا قىيا – چىيا باشلاندى. نېمە بولغاندۇ، دەپ قارىسام، جىددىي قۇتقۇزۇش خادىملىرىدىن ئۈچى ھېلىقى قاينامنىڭ ئىچىدە چۆرگىلىشىپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ؟

ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دەرھال يەنە ئۆزۈمنى سۇغا ئاتتىم. ئىككىسىنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ، ئۈچىنچىسىنى ئالغىلى كېتىپ بارسام، ناھايىتى كۈچلۈك بىر دولقۇن كېلىپ، ئۇنى تۆۋەنگە ئېقىتىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۈزۈۋاتىمەن، ئۈزۈۋاتىمەن.. بىر چاغدا قازاقىستانغا كىرىپ كېتىپتىمىز، قازاقىستاننىڭ قايسىبىر يېرىگە كەلگەندە ئاران يېتىشىۋېلىپ قارىسام ھېلىقى خادىممۇ تېخى ھايات ئىكەن، ئاران دېگەندە قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈپ جېنىنى ساقلاپ قالدىم.

«ئەمدى قانداق قىلارمىز؟» دەپ باش قېتىپ، ئازراق مېڭىپ، بىرىدىن «بۇ قە-يەر؟» دەپ سورىسام، «تاشكەنت» دەيدۇ، ئالە شەرىگنى دەپ بۇرادىرىم بىلەن بىللە با-زار ئىچىگە كىردۇق.

ھەرنىمە بولسا، يېنىمدا بولسا يۈز مىڭ يۈەندەك پۇل باركەن، تاماق يەپ، ياتاققا ئورۇنلىشىپ ئارام ئالدۇق. ئەتىسى قايتايلى دەپ ئايرودۇرۇمغا چىقىپ بىلەت ئالاي دې-سەم «پاسپورتىڭلار يوقكەن» دەپ ئوندەك ساقچى قورشاپ، تۇتۇپ سولاپ قويىدى. سولاقتا نەق ئىككى كۈن ياتقاندىن كېيىن، ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، نەچچە ئون ساقچىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ، ھېلىقى ئاداشنى ئېلىپ قاچتىم.

ئاران دېگەندە قۇتۇلدۇق، شۇنداق قىلىپ چەت بىر يېزىدا ساق 15 كۈن تۇرۇپ قالدۇق، ئەمدى قانداق كېتەرمىز، دەپ ئويلاپ، ئاخىر «قانداق كەلگەن بولساق شۇنداق كەتمەيلىمۇ!» دەپ دەريا بويىغا باردۇق. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھېلىقى ئاداش «سۇ ئۈزۈشنى ئۇقمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە غۇلجا دېگەن نەدە قالدى، يەنە كېلىپ سۇغا قارشى ئۈزىدىغان گەپ» دەپ قەتئىي كەينىگە داجىپ تۇرۇۋالدى.

«ئەمىسە چىقە بويىنۇمغا» دېدىم-دە، ئۇنى ھاپاش قىلىپ، سۇغا سەكرىدىم، نەق يەتتە كۈن سۇدا ئۈزۈپ، ئىلى دەرياسىغا كەلسەم بىرنەچچە كېمىدە ھەربىيلەر سۇغا قار-ماق سېلىپ يۈرىدۇ، «نىمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىسام: «بىر ئاينىڭ ئالدىدا بىر بالا بىر ھەربىينى قۇتقۇزىمەن دەپ ئىككىلىسى سۇغا غەرق بوپ كەتكەن، شۇلارنىڭ جە-سىتىنى ئىزدەۋاتىمىز» دەيدۇ!

«بولدى ئىزدىمەڭلەر، شۇلار بىز» دەپ ھېلىقى ئاداشنى شۇلارغا تاشلاپ بېرىپ كې-تىپ قالدىم.

## گۈل دۇكىنى ۋە ئىككى قەۋەت بىنا

ئىككى ئارتىس سەھنىدە لاپ ئېتىشىپ قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:

— مەن سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىۋىدىم، تاماشىبىنلار سوۋغا قىلغان گۈلدىن بىر گۈل دۇكىنى ئېچىۋالدىم.

يەنە بىر ئارتىسمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— بۇ قانچىلىك ئىشتى؟ مەن سەھنىگە چىقىپ ناخشا ئېيتىۋىدىم، تاماشىبىنلار ئاتقان خىش ـ كېسەكتىن ئىككى قەۋەتلىك ئۆي سېلىۋالدىم!

## بايلىق ۋە نامراتلىق

بىر سورۇندا ئۈچ نەپەر لاپچى ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:

— 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئاجايىپ ياشايتتۇق-تە! راستىنى دېسەم، مەستچىلىكتە بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ بىرنەچچە سائەتتىلا يۈز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىۋەتكەن ئوغۇل بالا مەن.

يەنە بىرىنىڭمۇ جىم تۇرغۇسى كەلمەپتۇ:

— ۋاي ئاداش، يۈز مىڭ يۈەن دېگەن قولنىڭ كىرىغۇ. چەت ئەلگە چىققان چېغىمدا، بىر سورۇندا ئولتۇرۇپ ئون ـ يىگىرمە مىنۇتتىلا يۈز مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلىۋەتكەن ئوغۇل بالا مەن.

ئۈچىنچىسى ئويلاپ باقسا، بۇ لاپچىلارنىڭ ھەممىسى پۇلنىڭ جىقلىقى توغرىسىدا ماختىنىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەن نامراتلىق توغرىسىدا بىر ماختىنىپ باقمايمۇ، دېگەن ئويدا شۇنداق دەپتۇ:

— ھەي يوقسۇزلۇق! مۇشۇ 2000 ـ يىللارنىڭ بېشىدا خوتۇنۇم چوڭ بىر قازان لەڭمەن ئېتىپتىكەن، 10 يىلدىن ئېشىپتۇ، كۆندە شۇ لەغمەننىڭ مەنتىڭگە نان چىلاپ يەۋاتىمىز...

## ئېغىرلىقىدىن

ئەپەندىم ئولتۇرغان بىر سورۇندا ئىككى لاپچى تۇتۇشۇپ قاپتۇ. بىرى:

— ۋاي-ۋاي، تۈنۈگۈن بېغىمدىكى ئالمىنى ئورۇندۇققا دەسسەپ ئاران ئۈزۈۋىدىم، ئالمىنىڭ يوغانلىقىدا ئورۇندۇق كۆتۈرەلمەي پۇتى سۇنۇپ كەتتى،— دەپتۇ بىرى.

يەنە بىرىمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— مېنىڭ بېغىمدىكى ئالمىنىڭ ئوخشاپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان، ئاران دېگەندە بىرنى ئۈزۈپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇۋىدىم، ئۈستەل مىجىلىپ كەتتى،— دەپتۇ. گەپنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ئەپەندىممۇ لاپقا قوشۇلۇپ:

— مەنمۇ بۈگۈن بېغىمدىكى ئالمىنى ئاران ئۈزۈپ ھارۋامغا سېلىۋىدىم ... — دېيىشىگىلا ئاردىن بىرى چىقىپ:

— ھە، سىزنىڭمۇ ھارۋاڭ مىجىلىپ كەتتى دېگىنە،— دەپ كۈلۈپتۇ.

— ياق، ئالمىنىڭ ئىچىدىن بىر قۇرت چىقىپ شۇنچىلىك قاۋۇل ئىتىمنى يەۋەتتى،— دەپتۇ.

## مەرد قىزلار

بىر كۈنى مەھەللىدە لاپقا ئۇستا ياش باللاردىن بىر نەچچىسى ئۆزلىرى توي قىلماقچى بولغان قىز دوستىنى ماختىشىپ قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دەپتۇ:

— مەن توي قىلماقچى بولغان قىز بىلەن نەگە بارسام، مېنى بىر تىيىنمۇ خەجلەتمەيدۇ، ئۆزىلا پۇل خەجلەيدۇ.

ئىككىنچىسى دەپتۇ:

— مەن توي قىلماقچى بولغان قىز مەن ئاق چېكىپ تۈرمىگە كىرىپ قالغاندا، 20 مىڭ يۈەن تۆلەپ مېنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقتى.

ئۈچىنچىسى ئۇلارغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قولىنى سىلكىپتۇ:

— ۋاي، ھەر ئىككىڭلا توي قىلماقچى بولغان قىزلار ھېچقانچە ئەمەسكەن. مەن توي قىلماقچى بولغان قىزنىڭ دېيىشىچە، ماڭا ئۈرۈمچىگە داچا سېلىپ قويۇپتۇ. يەنە تېخى ماڭا تويلۇق بېرىپ، دەبدەبە بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، مېنى كۆچۈرۈپ كېتىدىكەن.

## 40 يالغان

زامانىنىڭ زامانىسىدا بىر پادىشاھنىڭ يالغۇز قىزى بولغانىكەن، بۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالىغا ئايمۇ تەڭ كېلەلمەيدىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە پادىشاھ:

— كىمكى 40 يالغان گەپ قىلىپ بەرسە كۈيۈئوغۇل قىلىپ، پادىشاھلىقىمنى بېرىمەن. 40 يالغاننىڭ بىرى راست چىقسا كاللىسىنى ئالىمەن،— دەپ جاكارلاپتۇ.

نۇرغۇن ئەزىمەت يىگىتلەر 40 يالغانى دەپ بېرەلمەي كاللىسىدىن ئايرىلىپتۇ. بىر كۈنى 12 ياشلىق بىر تاز پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— پادىشاھى ئالەم، مەن 40 يالغان گەپ قىلىپ بەرگىلى كەلدىم،— دەپتۇ.

— قېنى شۇمتەك، گېپىڭنى باشلا،— دەپتۇ پادىشاھ مەنسىتمەسلىك بىلەن.

— تەقسىر، گېپىمنىڭ ئىچىدە بىرەر راست گەپ بارمۇ - يوق، ئوبدان ئاڭلىسىلا،— دەپتۇ بالا.

— قېنى باشلا،— دەپتۇ پادىشاھ تېرىكىپ.

بالا خوپ دەپ گېپىنى باشلاپتۇ:

— بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا مەن دادامنىڭ دادىسىنىڭ يىلقىسىنى باقىقان. ئالتىنچى ئاي تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە يىلقىلارنى كۆل بويىغا سۇغارغىلى بارسام، كۆلنىڭ سۈيى يېرىم مېتىر مۇز توڭلاپ كېتىپتۇ، مۇزنى كۆرۈپ، يىلقىلارنى قانداق سۇغىرارمەن دەپ ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ ئاخىر بېشىمنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئىككى قولۇمدىن تۇتۇپ بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر ئۇرۇۋىدىم، 1000 يىلقا سۇ ئىچكۈدەك كۆلچەك ئېچىلدى. يىلقىلارنى سۇغىرىپ بولۇپ، سانىماي قوتانغا سولاپتىمەن، بىر ۋاقىتتا يىلقىنى ساناپ باقاي دەپ قارىسام، ئالتە غۇلاچلىق بىر ئالا بايتال يوق. ئالا بايتالنى ئىزدەش ئۈچۈن، پىچاقنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، ئۈستىگە دەسسەپ تۇرسام، پىچاق ئېگىلىپ كەتتى، ئارقىدىنلا پىچاقنىڭ يۇقىرىقى ئۇچىغا غىلاپنى سانجىپ ئۈستىگە چىقسام، غىلاپ ئېگىلمىدى، قارىسام، ئالتە ئايلىق يىراق يولنىڭ چېتىدىكى ئۈنمىگەن چىغنىڭ تۈۋىدە ئالا بايتال قۇلۇنلاپ قويۇپتۇ. بۇنى ئەكېلىش ئۈچۈن كېتىۋاتسام، ئالدىمغا بىر دەريا يولۇقۇپ قالدى. دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن غىلاپنى قولۋاق قىلىۋىدىم، غىلاپ سۇغا چۆكمىدى، شۇنىڭ بىلەن دەريادىن ئۆتۈۋىدىم، دېمىمنى ئېلىپ بىرئاز مېڭىپ ھېلىقى دەرياغا كەلدىم. ئاتنى دەرياغا سېلىۋىدىم چۆكۈپ كەتتى. مەن قىرغاققا چىقىپ، قۇلۇننى مىنىپ بايتالنى ئالدىمغا ئېلىۋىدىم، چۆكمىدىم، دەريادىن ئۆتۈپ شۇنداق قارىسام، ئۈنمىگەن تېۋىلغىنىڭ تۈۋىدىن تۇرەلمىگەن بىر توشقان چىقىپ قاچتى. پۈتمىغان چوماق بىلەن ئۇرۇۋىدىم، كۆلمىغان ئورىغا چۈشتى، توشقاننى سويۇۋىدىم، 80 پاتمان چاۋىسى، 70 پاتمان ماۋۇسى چىقتى. ئۇنىڭ مېيىنى ئېرىتەي دەپ، بايتالنى قوزۇققا باغلاپ قويۇپ، تېزەك تېرىۋاتسام، بىر كەمدە پالاق - پۇلۇق قىلدى، تېزەكنى تۆكۈۋېتىپ يۈگۈرۈپ بارسام، ئاتنى قوزۇققا باغلىدىم دەپ، ئاق قۇنىڭ بويىنىغا باغلاپ قويۇپتىمەن. تېزەك تەردىم دەپ بۆدۈنە تېرىپتىمەن. ئىككى قازان تاپتىم، توشقان مېيىنى ساق قازاندا ئېرىتسەم، ماي ئېقىپ كەتتى. تۆشۈك قازاندا ئېرىتسەم ئاقمىدى، توشقان مېيىنى ئېرىتىپ، بىرنەچچە ئېغىز ئۆيگە قاچىلىدىم، ئەمدى توشقان گۆشىدىن ئازراق يەي دېسەم، بېشىم ھېلىقى مۇز چاققان يەردە قاپتۇ، شۇنداق قىلىپ كەچ كىردى، ئاخشىمى زېرىكىپ، ئۆتۈكۈمنى مايلىۋالاي دەپ مايلىسام، بىرنەچچە ئېغىز ئۆيدىكى ماي بىر پاي ئۆتۈكۈمگە ئاران يېتىپتۇ. بىر پاي ئۆتۈكنى مايلاپ

بولۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن، بىر چاغدا ئويغىنىپ قارىسام «سىنىڭ يامانلىقىڭدىن مايلىمدى» دەپ ئۆتۈكلەر راسا مۇشتلىشىۋېتىپتۇ. ئىككىسىنى ئىككى يانپىشىمغا بېسىپ يېتىۋالدىم، بۇ ئىككىسىنى ئاجرىتىمەن دەپ، ھېرىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ قارىسام، مايلىمىغان ئۆتۈكۈم يامانلاپ كېتىپتۇ، قېچىپ كەتكەن ئۆتۈكۈمنى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن مايلىغان بىر پاي ئۆتۈككە ئىككى پۇتۇمنى تىقىپ قوغلىدىم. قوغلا – قوغلا بىر مەھەللىگە بېرىپ قارىسام، مايلىمىغان ئۆتۈكۈم بىرىنىڭ تويىدا ئاش توشۇۋېتىپتۇ. مايلىمىغان ئۆتۈكۈم تەكلىمگەن چېدىرغا مېنى باشلاپ كىرىپ «ئاخشام مېنىڭدىن بىر قوشۇق مېيىڭنى ئايىدىڭ، ھېلىغۇ سەن ئىكەنسەن، پۈتۈن جامائەتكە يەتكۈدەك ماي تاپتىم» دەپ ئالدىمغا بىر تاۋاق پولۇ قويدى.

تاز بالا 40 يالغاننى دەپ تۈگىتىپتۇ. پادىشاھ بالىنىڭ 40 يالغان گېپىگە قايىل بوپتۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، پادىشاھلىقنى بېرىپتۇ ھەم ئايدەك گۈزەل قىزىنى تاز بالىغا بېرىپ، كۈيئوغۇل قىلىۋاپتۇ.

## ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغان



بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق ئىكەن، تۈلكە ياساۋۇل ئىكەن، بۆرە ھاكاۋۇر ئىكەن، غاز كانايچى ئىكەن، ئۆردەك سۇنايچى ئىكەن، قاغا قاراقچى ئىكەن، سېغىزخان يالاقچى ئىكەن، پاقا پوستەكچى ئىكەن، يىلان تۈگمەنچى ئىكەن. ئەنە شۇ زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. ئۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن. قىز بويىغا يەتكەندە، ئەتراپتىكى پادىشاھلارنىڭ شاھزادىلىرى بەس – بەس بىلەن قىزغا ئەلچى ئەۋەتىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇنىسىمۇ، قىز زادىلا ئۇنىماپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ قىزىنىڭ ئالدىغا ئىمىكئانىسىنى كىرگۈزۈپ، قىزنى ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ. ئىمىكئانا پادىشاھنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، راھەت – پاراغەتتىن، زېبۇ – زىننەتتىن، نەغمە – ناۋادىن، تاجۇ تەختتىن سۆز ئاچقانىكەن، قىز:

— مەن ھايۋاندىن پەرقلىنىمەن، مال – بايلىقتىن ئۈستۈنمەن. كىمكى شەرتىمنى ئادا قىلسا، شۇنىڭ گۈلىمەن، — دەپتۇ.

ئىمىكئانا قىزنىڭ سۆزىگە ئەجەبلىنىپ، خەير، نېمىلىكى بولسا قېنى بىر ئاڭلاپ باقاي، دەپ ئويلاپتۇ، ئاندىن:

— خوش، شەرتىڭنى سۆزلە، قىزىم، مەن بىر ئۇقاي، مۇناسىپ كەلسە، پۈتۈن ئالەم-گە جاكار قىلاي،— دەپتۇ.

— ئۈچ يالغاندا قىرىق يالغاننى ئېيتالىغان يىگىتكە ياتلىق قىلىنسام رازىمەن، مېنىڭ شەرتىم شۇ،— دەپتۇ قىز.

پادىشاھ ئېمكئاندىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا بار-لىق شاھزادىلەرنىڭ ئەلچىلىرىگە قىزىنىڭ شۇ شەرتىنى ۋە كىمكى راستنى يالغان دېسە، بېشى ئېلىنىدىغانلىقنى جاكارلاپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەملىكەتلەرنىڭ شاھزادىلىرى، چوڭ - كىچىك يۇرتنىڭ بەگزادىلىرى ۋە ھەرقايسى خانلىقنىڭ خانزادىلىرى كېلىشكە باشلاپتۇ، لېكىن بە-زىلىرى بۇ شەرتنى ئادا قىلىشقا كۆزى يەتمەي، قىزنىڭ مېھرىدىن كېچىپتۇ. بەزىلىرى بول-سا، قىزنىڭ ئوت - پىراقىدا شەرتنى ئادا قىلالماي باشلىرىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئاخىر ئېمكئانا ئارقىلىق قىزىغا بۇ شەرتنى ئادا قىلىدىغان بىرەر ئەقىللىك شاھزادە، خانزادە ۋە بەگزادىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپتۇ، قىزنى ئەقىلسىزلىقتا ئەيىبلەپتۇ. لېكىن، قىز بۇنىڭغا زادىلا كۆنمەپتۇ. قىز ئىشەنچ بىلەن: «بۇنى ئېيتالايدىغان كىشى چىقى-دۇ، دادام سەۋر قىلسۇن، ئەگەر چىقمىسا مەيلى» دەپتۇ.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەرنىڭ كەينىدىن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، قىزنىڭ شەرتىنى نى - نى شاھزا-دىلەر، خانزادىلەر ۋە بەگزادىلەرنىڭ ئادا قىلالمىغانلىقى چۆچەك بولۇپ، ئېغىزدىن - ئې-غىزغا كۆچۈپ تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپتۇ.

ئەمدى گەپنى مۇشۇ پادىشاھنىڭ شەھىرىگە قاراشلىق يىراق يېزىدىكى بىر كەمبەغەل مومايىنىڭ ئوغلىدىن ئاڭلايلى:

يىراق بىر يېزىدا ناھايىتى كەمبەغەل بىر موماي ياشايدىكەن، ئۇنىڭ يالغۇز بىرلا ئوغلى بار ئىكەن، ئانا - بالا ئىككىسى ئەتىدىن كەچكىچە كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ، كۈننى ئاران ئۆتكۈزىدىكەن. يىگىت شۇنچە چاققان بولسىمۇ، بايلار ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، ئۆز ئىسمىنى ئاتىماي «گال» دەپ ئاتايدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە گال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ رۇخسەت سوراپتۇ. موماي ئوغلىنىڭمۇ قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇنلىيالماي ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەن-سىرەپ، جاۋاب بەرمەپتۇ. گال ئانىسىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى سەزگەندىن كېيىن، ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— خاتىرجەم بول، ئانا، قىزنىڭ شەرتىنى ئورۇنلىماق ئاسان،— دەپ، ئۆزىنىڭ راس-لىغان سۆزلىرىنى بىر - بىرلەپ دەپ بېرىپتۇ. ئانىسى ئىلاجسىز دۇئا قىلىپ رۇخسەت بې-

77

رىپتۇ. گال پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئاز ماڭدىمۇ، كۆپ ماڭدىمۇ، بۇنىسى
نامەلۇم، ئىشقىلىپ، بىر كۈنى گال پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ياساۋۇللار بۇ
يىگىتنى كۆرۈپ، ئالدىنى توسۇپتۇ:

— سەن گاداي بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟— دەپ قوغلاپتۇ. گال ئۇلارنىڭ
گۇمانلىرىنى سېزىپتۇ-دە، مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئوغرىمۇ ئەمەس، قاراقچىمۇ ئەمەس، لېكىن بىر باينىڭ سادىق قۇلى. مەن
شۇ باينىڭ پادىشاھتىن يوشۇرۇپ تىقىپ قويغان بورداق قويلىرى توغرىسىدا خەۋەر بې-
رىشكە كەلدىم، لېكىن قويلارنىڭ سانىنى شاھنىڭ ئۆزىگە ئېيتىمەن.

ياساۋۇللار شاھقا خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاچ كۆز شاھ خۇشاللىقىدىن گالنى
چاقىرىپ:

— قېنى، قويلار ھەققىدە چاققانراق سۆزلىگىن،— دەپتۇ. گال ھېچبىر ھودۇقماس-
تىن، تېتىكلىك بىلەن:

— مەن ئاۋۋال سىلىگە راسلىغان سۆزلىرىمنى ئېيتاي، قىزلىرىمۇ كېلىپ ئاڭلىسۇن.
سىلى قويلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلىلا، سىلى بىلمىسىلە، قىزلىرى چۈشىنىدۇ،— دەپتۇ. پادى-
شاھ قىزىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بوپتۇ. گال يالغاننى باشلاپتۇ:

## بىرىنچى يالغان

— ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ئېتىم گال، ئۆزۈم بىر كەمبەغەل، دادامدىن يالغۇز قالغان
يېتىممەن. لېكىن، مەن ناھايىتى ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرۈپ، ئۆلە - ئۆلە، ئاخىر ئاكا - ئۇكا
بولۇپ ئۈچىمىز قالدۇق. مەن بۇنىڭغا ھەيرانمەن، لېكىن ئەجەبلەنمەيمەن. بىز ئۈچ بول-
غاندىن كېيىن ئارىمىزدا دوستلۇق، بۇرادەرلىك پەيدا بولدى، بىراق بىر - بىرىمىزنىڭ
كىملىكىنى بىلمەيتتۇق ھەم تونۇشمايتتۇق. شۇ چاغدا ئۈچىمىزغا قارىساق كىيگەن كىيمىلى-
رىمىزنىڭ گۈزەللىكىگە ئەقلىمىز ھەيران قالدى: بىرىمىزنىڭ ياقىسى يوق، بىرىمىزنىڭ ئې-
تىكى يوق، يەنە بىرىمىزنىڭ غولى يوق. بىز شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئەما زۇلمەتتە ئۇچ-
رىشار، دېگەندەك، بىر چۆلدىكى سايدا بىر - بىرىمىز بىلەن مۇڭداشساقمۇ ئاڭلىماستىن،
بىللە ماڭساقمۇ كۆرمەستىن، يولدا يۈرمەي، چەتكە چىقماي، ئوتتۇرىدا مېڭىپ كېتىۋەر-
دۇق. خېلى يول ماڭغاندىن كېيىن، يول ئۈستىدە ئۈچ تەڭگە ئۇچراپ قالدى. كۆزىمىزنى
يۇمۇپ قارىساق، بىرىنىڭ تامغىسى يوق، بىرىنىڭ رەڭگى يوق، يەنە بىرىنىڭ ئېغىرلىقى

يوق ئىكەن. بۇ ئۈچ تەڭگىنى مۇشتلاشساقمۇ ئەرز قىلىشماي، تەڭ بولمىسىمۇ ياخشى - يامىنىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئادالەتلىك بىلەن بۆلۈشۈۋالدۇق. يەنە مېڭىۋەردۇق، مېڭىۋەردۇق، يول ماڭساقمۇ مىدىرلىماي، سۈيى يوق كۆلى بار بىر سايغا چۈشتۇق..

سۆز مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پادىشاھ شۇنداق غەزەپكە كەپتۇكى، سۆز قىلالماي ھوشىدىن كېتىپتۇ، بىرھازادىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، گالنى مىدىرلاتماي بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. گال ناھايىتى مەردلىك بىلەن تىك تۇرۇپ، مىيىقىدا كۈلۈپتۇ:

— ئۇلۇغ شاھىم، مەن ئېيتاي، سىلى ئاڭلىسىلا، كاللام چېپىلماس، سۆزۈم توختىماس، سۆزىدە تۇرمىغان ئادەم بولماس. ھازىرچە ئىختىيارنى قىزلىرىغا بەرسىلە، قىزلىرى بۇيرۇق قىلسۇن،— دەپتۇ.

تەختنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ گالنىڭ ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، سۆزلەۋاتقان يىگىتنىڭ ئېتى گال بولسىمۇ، سۆزى بال ئىكەن، دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زوق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەلىكە تەختنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— كىشى جانانىدىن جانىن ئايارمۇ؟ كۆرۈك، پەرۋانىلەر ئوتتىن يانارمۇ؟ ھەقىقەت ئەزىز جاندىن ئۈستۈن دېگەن قىلىچ ئالدىدا تەسلىم بولارمۇ؟ ئەقىللىك كىشىلەر باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاخىرغىچە سەۋر - تاقەت بىلەن ئاڭلىيالايدۇ... قېنى، ئاڭلاپ باقايلى!— دەپ يىگىتكە ئىشارەت قىپتۇ. پادىشاھ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئوردا ئۇلىمالىرى، ۋەزىرلىرى قۇللۇق قىلىشىپ، مەلىكىگە تەزىم قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. گال يەنە سۆزلەپتۇ:

— سۈيى يوق كۆلى بار بىر سايغا چۈشتۇق. سۈيى يوق كۆلدە ئۈچ بېلىق ئويناقلاپ ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. بۇ بېلىقلارنىڭ ئىككىسى ئۆلۈك، بىرىنىڭ جېنى يوق ئىكەن. بىز ھېلىقى بېلىقلارنى ئېلىپ، ئېتىكى يوقنىڭ ئېتىكىگە سېلىپ، سايدىن چىقىپ يولغا چۈشتۇق، يولدا ماڭماي، يولدىن چىقماي كېتىۋەردۇق، كېتىۋەردۇق، قارىساق ئالدىمىزدا ئۈچ ئۆي كۆرۈندى، بىز شۇ ئۆيلەرگە كەلدۇق. ئىككى ئۆينىڭ تېمى يوق. بىرىنىڭ ئورنى يوق. بىز ئورنى يوق ئۆيگە كىرسەك، ئۈز قازان تۇرۇپتۇ. قازانلارنىڭ ئىككىسى تۆشۈك، بىرىنىڭ تۈۋى يوق. ئېتىكى يوق ئاكام ئېتىكىدىكى جېنى يوق بېلىقنى ئېلىپ، تۈۋى يوق قازانغا سالدى. بىز ئۈنى پىشۇرماقچى بولۇشتۇق، قارىساق ئوتۇن يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوت ياقماي، ئوتۇننى ئايىماي قالاۋەرسەك، قازان قايناپ، ماي گۆشى پىشىپ، سۆڭىكى مىلىق - مىلىق بولۇپ كېتىپتۇ، يەپ باقساق، ئىسسىقمۇ ئۆتمەپتۇ، نېمە بولسا بولسۇن دەپ، ئۈچىمىز راسا يېدۇق، يېگەندىمۇ بىر - بىرىمىزنى تەكلىپ قىلىشماستىن يەۋەردۇق. بىراق، يېگەن گۆش قورسىقىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كەلمەپتۇ. ئويلىساق قورسىقىمىز راسا تويۇپ

كېتىپتۇ. كەتمەكچى بولدۇق. ئۆيدىن چىقايلى دېۋىدۇق، ئىشىكتىن پاتمىدۇق. ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن، ئىلاجىنىڭ تولىلىقىدىن تام تۆشۈكىدىن چىقىپ كەتتۇق.

يەنە يول يۈردۇق، يول يۈرگەندىمۇ مول يۈردۇق، يۈرۈۋېرىپ بىر ئېتىزغا چىقىپ قالدۇق. قارىساق، ئۈنمىگەن چىغ تۈۋىدە تۆرەلمىگەن توشقان يېتىپتۇ. شېخى يوق دەرەختىن يۈتمىغان چوماقنى ئېلىپ، ھېلىقى توشقاننى راسا بىر ئۇرۇۋىدۇق، توشقان جىم يېتىپ، يۈگۈرگەن پېتى كولىمىغان ئورىغا چۈشۈپ جان بەردى. توشقانغا پىچاق سالماي، قول تەگكۈزمەي سويساق، چىقتى ئون پاتمان گۆشى، يىگىرمە پاتمان چاۋىسى، ئالتە ئايدىن بېرى يەۋاتىمىز، ھېلىمۇ بار تەڭ ـ يارتىسى. شۇنىڭدىن بۇيان بىز ئاچ قېلىپ، ئاكام مەندىن خاپا بولۇپ، ئۆزى بىلگەن يەرگە كەتتى. يىگىرمە پاتمان چاۋا ياغ ماڭا قالدى. بۇ ياغنىڭ ھەممىسىدە چورۇقۇمنى ياغلىدىم، ياغ چورۇقۇمنىڭ بىرىگە يەتمىدى. خەير، شۇنداق بولدى. ھېرىپتىكەنمەن، ئۇخلاۋاتسام بىر چاغدا جاھان زىلزىلىگە كېلىپ غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئويغانسام، چورۇقلىرىم: «ساڭا ياغ تەگدى، ماڭا يوق» دەپ، گالاچلىتىپ مۇشتلىشىپ، قاپاقلىرىنى يېرىشىپتۇ، سۆزۈمگە كۆنمىدى، مەسلىھەتكە كىرمىدى. ئىلاج يوق، ئاخىر چورۇقلىرىمنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن تۇتۇۋېلىپ ھەربىرىنى ئۈچ شاپىلاقتىن ئۇرۇپ: «جىم تۇرۇش، ئەمدى ئۇرۇش» دەپ، يەنە ئۇيقۇغا كەتتىم. بىر ۋاقىتتا ئويغىنىپ قارىسام، ياغلانغان چورۇقۇم غولى يوق چاپىنىمنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۆزى يېپىنىپ راسا ئۇخلاۋېتىپتۇ، ياغ تەگمىگىنى خاپا بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. ياغلىغان چورۇقۇمنى ئويغىتىپ، بىر كەسلەنچۈكنى ھارۋىغا قېتىپ يولغا راۋان بولدۇق. چورۇقۇم ھارۋىنى ھەيدىدى، مەن يول كۆرسەتتىم، شۇنداق قىلىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆيگە ئاسانلا يېتىپ كەلدىم.

مەن ئۆيدىن چىقىش ۋاقتىدا ئۆيدە بىر موماي، بىر خوراز بار ئىدى، قايتىپ كەلسەم ئۆي يوق، ئۆي بولسىمۇ ئورنى يوق، تېمى بولسىمۇ لېيى يوق، ئەتراپقا قارىسام، ھېچنېمە يوق. ماڭا بۇ تازا تارتقۇلۇق بولدى. ئەمدى ئۆيىنى، مومايىنى، خورازنى نەدىن تاپاي، پادىشاھىم؟! ئەرزىمنى بايان قىلاي دەپ، ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم، — دەپ، گال ئېڭىكىنى سىلاپ خاتىرجەم تۇرۇپتۇ.

پادىشاھ گال ئېيتىۋاتقان ھېكايىنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي، ئەتراپىدىكى ۋەزىر، ئۆلىمالىرىغا قاراپتۇ. ئۆلىمالىرىدىن بىرى پادىشاھقا:

— گالنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، يالغان ئېيتقان كىشى شاھ خەنجىرىنىڭ ئوزۇقىدۇر، — دەپتۇ. قىز بۇ سۆزگە كايىپ:

ــ ھۆرمەتلىك ئاتا، گالغا رۇخسەت قىلسىڭىز، ھېكايىسىنىڭ ئاخىرىنى يەنە ئېيتسا،ــ دەپتۇ. پادىشاھ جاۋاب بەرگۈچە، گال:

ــ تەقسىر...ــ دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ:

## ئىككىنچى يالغان

ــ تەقسىر، ئاڭلاۋاتىلا، موماي يوق، خورازمۇ يوق، چورۇقۇمنىڭ بىرى تېخى يوق. بۇلارسىز ياشىماق تېخى تەس. شۇڭا، دېمىم ئىچىمگە چۈشتى، كۆڭلۈم بۇزۇلدى. خەير دېدىم. موماي، خوراز، چورۇقنى يەنە بىر ئىزدىدىم. ماڭدىم ـ مېڭىۋەردىم، ئورنۇمدا قېلىۋەردىم. شۇنداق قىلىپ، بىر قىشلاققا يەتتىم. خورىزىم شۇ قىشلاقتا بىر بايغا ئىشلەۋېتىپتۇ، باينىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرى پەقەت شۇ خوراز بىلەن مېڭىۋېتىپتۇ. خورىزىم بىلەن كۆرۈشتۇم، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتۇم. بىر ـ بىرىمىزنى شۇنچىلىك سېغىنىپ كېتىپتۇقكى، كۆرۈشە ـ كۆرۈشمەي، يىغلىشىپ كېتىپتۇق. خورىزىم بايغا ئالتە ئاي كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپتۇ. خورازنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن باي بىلەن سۆزلەشتىم، بولمىدى، سوقۇشتۇم، بولمىدى. بايغا بۇ ئىشلار ئەرمەك بولدى، ئاخىر ھەققىگە بىر جۇۋالدۇرۇز بەرمەك بولدى. باي بۇنىڭغىمۇ ئاسان كۆنمىدى. جۇۋالدۇرۇزنى ئالغىنىمغا خۇش بولدۇم، خۇش بولۇپ، يەنە يولغا چىقماق بولدۇم، لېكىن خورىزىم ئۇنىمىدى، ئۇ يەنە ئۈچ ئاي ئىشلەپ، ئاندىن ھەققىنى تولۇق ئېلىپ قايتماق بولدى. مەن جۇۋالدۇرۇزنى ئېلىپ خۇرجۇنۇمغا سېلىپ، خورىزىمغا خەير دەپ، ئارقامدىن تېز كەل دەپ، يەنە يولغا راۋان بولدۇم، مومايى بىلەن بىر پاي چورۇقنى ئىزدەپ كېتىۋەردىم، كېتىۋەردىم، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم، ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پۈتۈن ئالەمگە قارىدىم، كۆرۈنمىدى، ئاخىر بىر قېلىن جاڭگالنىڭ ئىچىدىكى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ قارىسام، يەتتە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە، يەتتە دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە، بىر كىچىك ئۆستەڭ بويىدا موماي كىر يۇيۇپ ئولتۇرۇپتۇ، بىرىپ يىغلاپ كۆرۈشۈپ: «كېتەيلى، ئانا، يۈر» دېسەم، «بايغا ئىشلىگىلى ئالتە ئاي بولدى، توققۇز ئاي بولغاندا ھەق بەرمەكچى، ھەققىمنى ئالماي كەتمەيمەن» دەپ ئۇنىمىدى. مەن قايتىپ كېتىشكە تەمشىلىۋىدىم، ئۇسساپ كەتكىنىمگە ئۈچ كۈن بولغانلىقى ئېسىمگە چۈشتى. ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ قايناپ تۇرغان بىر چاغ ئىدى. مەن دەريا بويىغا بارسام، سۈيى غاچچىدە توڭلاپ كېتىپتۇ، مۇزنى چېقىشقا تاش تاپالماي، بېشىمنى قۇلىقىمدىن تۇتۇپ بىر قويغانىدىم، مۇز يېرىلدى، سۇنى راسا ئىچتىم، ئۇسسۇزلۇقۇم قېنىپ، يەنە يولغا چۈشتۈم،

بىر يەرلەرگە بارغاندىن كېيىن قارىسام، بېشىمنىڭ تېگى يوق. شۇنىڭ بىلەن «ئاپلا»دې-
دىم-دە، بېشىمنى تېپىشنى ئۇنتۇپ مومايىنى ئالغىلى باردىم. ۋاقىت ئۈچ ئايغا توشقاندى.
موماي يوق، سۈرۈشتۈرسەم، ئىش ھەققىنى ئالماقچى بولغىنىدا باي مومايغا تۆھمەت تو-
قۇپ، ئۇنى دەسسەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مانا پادىشاھىم، ئەھۋال شۇ! ھەممە
تارتقۇلۇق پېقىرلارغىمۇ؟ ئويلاپ كۆرسىلە، دەرگاھلىرىغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم،— دەپ
جاۋاب كۈتكەندەك تۇرۇپتۇ.
پادىشاھ ھودۇقۇپ، ۋەزىر - ئۆلىمالىرىغا قاراپتۇ، ئەقىل سورىغاندەك قىلىپ، كۆزد-
ىنىڭ قۇيرۇقىدا مارايپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:
— يالغانچىنىڭ بۇ ئېيتقانلىرى پادىشاھقا ھاقارەت. پادىشاھىمىزنىڭ زامانىسىدا بۇند-
داق ئادالەتسىز ئىشلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس!— دەپ تۇرۇشىغا، گال:
— تەقسىر، تېخى گەپ بۇ يەردە!— دەپ سۆزىنى يەنە باشلاپتۇ.

## ئۈچىنچى يالغان

— مومايىنىڭ خۇن قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ياقىسىدىن سۆ-
رەپ، شەرىئەتكە ئېلىپ باردىم. شەرىئەت ئۇنداق دەپ، مۇنداق دەپ، مومايىنىڭ خۇنىغا
بىر ئېشەك بۇيرۇپ، «شەرىئەتنىڭ ھۆكمى قەرز، ئادا قىلىش پەرز» دەپ، يولغا سالدى.
موماي ئۈچۈن يىغلاپ، نائىلاج ئېشەكنى مىندىم-دە، يولغا چىقتىم. كەڭ دەشت - باياـ
ۋاندا كېتىۋاتسام، قىرىق كارۋان ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ بىرى ماڭا قاراپ: «ھەي گال،
ئېشىكىڭ يېغىر بولۇپ قاپتۇ، باشقىدىن توقۇۋال» دېدى. ئېشەكتىن چۈشۈپ قارىسام،
راستىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىنى يېغىر بېسىپ كېتىپتۇ. بۇنى قانداقمۇ ساقايتارمەن دەپ،
كارۋانلاردىن سورىسام، كۆيدۈرۈپ باسقىن، دەپ بىر دانە ياڭاق بەردى. كۆيدۈرۈپ بې-
سىۋىدىم، بىردىنلا ئېشەكنىڭ دۈمبىسىدىن بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى ئۈنۈپ چىقتى، ھەش -
پەش دېگۈچە كۆكلەپ، چېچەكلەپ كەتتى، ياڭاقلىرى پىشىپ قالدى. ئېشەك ياڭاقنى كۆ-
تۈرەلمەي بېلى ئېگىلىپ، قورسىقى يەرگە يەتتى. مەن ياڭاقلارنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئې-
شەكنى يېتىلەپ شۈدىگەرلىككە ئېلىپ باردىم. كۆچۈمنىڭ بارىچە ياڭاققا چالما ئېتىشقا باش-
لىدىم، لېكىن بىر تالمۇ ياڭاق چۈشمىدى. شۇنچىۋالا ياڭاقتىن بىرەرسى چۈشمىگىنىگە ئى-
چىم پۇشۇپ، ئاستا ئاۋايلاپ ياڭاقنىڭ تۆپىسىگە چىقتىم. قارىسام، ياڭاقنىڭ ھەممىسى شور
باغلاپ كېتىپتۇ. شاختىن - شاخقا چىقىپ كۆزدىن كەچۈرسەم، ياڭاق دەرىخىنىڭ ئۈستى ئې-

82

تىزغا ئايلىنىپ قاپتۇ، بىر تەرىپىدە بىر ئۆستەڭ سۇ شارقىراپ ئېقىۋېتىپتۇ، بىر تەرىپىدە تاۋۇز تېرىلغان ئېتىز تۇرۇپتۇ. مەن تاۋۇزنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۇردۇم. پىلەكلەردىن ھەر يوغان تاۋۇزلار چۈشكىلى تۇردى، نېمىسىنى دەيلا، بىردەمدە ھەممىسى شالاقلاپ پىشتى. مەن بىر كۈنى پىچىپ يەي دەپ، بىر تاۋۇزنى ئۈزدۈم، پىچاقنى شۇنداق سىلىشىمغا تاۋۇز تاراسلاپ يېرىلىپ، پىچاق تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. پىچاقنى ئالاي دەپ، تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈشتۈم، قارىسام پىچاق ئاقتىمۇ يوق،كۆكتىمۇ يوق، ئىزدەپ تاپالماي يۈرسەم، بىر ئادەم ئۇچراشتى. ئۇنىڭدىن:

— ئاكا، پىچاق كۆردىڭىزمۇ؟— دېسەم، ئۇ ئادەم:

— ئاۋۋال سەن ماڭا جاۋاب بەر، ئەسلىدە بىز قىرىق كارۋان ئىدۇق، ھەربىرىمىزدە قىرىقتىن ئۇلاغ بار ئىدى، يوقىتىپ قويۇپ تاپالمايۋاتىمىز، كۆردۈڭمۇ؟— دەپ مېنىڭدىن سورىدى.

— پادىشاھى ئالەم، دەرگاھلىرىغا شۇنى ئېيتقىلى كەلدىم، ئېيتىدىغىنىمنى ئېيتىپ بولدۇم، ئەمدى قۇلىقىم سىلىدە،— دەپتۇ گال.

پادىشاھ ۋەزىر، ئۆلىمالىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇلار ھېچبىر مەسلىھەت بېرەلمەپتۇ. ئۆلىمالاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇنى خىزىردىن باشقىسى بىلمەس،— دەپ تۇرۇشىغا، پادىشاھنىڭ قىزى:

— بۇنى بىلمىگەن تەبىر بېرەلمەيدۇ. يىگىت مېنىڭ شەرتىمنى ئادا قىلدى. دادا، ئەمدى تويىغا رۇخسەت قىلسىڭىز،— دەپتۇ.

پادىشاھ رازىلىق بېرىپ، ۋەزىر ۋە ئۆلىمالىرىنى تويغا ھازىرلىق قىلىشقا بۇيرۇپتۇ.

责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画: 阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——一山更比一山高
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)